# ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن قۇربان بولغان ئۇيغۇر مەسىھ ئېتىقادچىسى

# هابىل



گۇستاف.ئالبېرت 1934 - يىلى

# هابىل

گۇستاف. ئالبېرت 1934 ـ يىلى

# كىرىش سۆز

قەدىردان بوۋىمىز ھابىلنىڭ ھېكايىسى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقىي ۋەقەلىكتۇر. بۇ ھېكايە بىزنى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان، ھاياتى كۆچى تولۇپ تاشقان قەدىمىي قەشقەر دىيارىغا قەدەم تاشلىتىدۇ. قەدىمىي قەشقەر مىلادى 10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قەدەم قويغان دەۋردىن باشلاپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بىر شەھەر قىياپىتىدە دۇنيا سەھنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان بىر ماكان ئىدى. ئۇ جايدا ئاساسەن ئۇيغۇر، قىرغىز مىللەتلىرى ھەم ئەينى ۋاقىتتا نوپۇس جەھەتتە ئىنتايىن ئاز ھېسابلىنىدىغان خەنزۇ مىللىتى ئورتاق بىللە ياشايتتى. قەشقەرنىڭ تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن خالتا كوچىلىرى، بازار ـ رەستىلىرى، پاكار ـ پاكار ئۆيلىرى، قورۇ ـ جايلىرى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى ئوتتۇرا شەرق يېزىلىرىنى ئەسلىتاتتى.

مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ بىر ماكاندا، جەسۇر بىر بالا ياشايتتى. ئۇ قەشقەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر كىچىك سارايدا تۇراتتى. كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، قارىماققا ئىنتايىن ئەقىللىقلىقى چىقىپلا تۇرىدىغان بۇ مەردانە بالا قەشقەرنىڭ قايناق بازارلىرىدا ساغلام چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بىلىم ئېلىشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن بولۇپ، ئوقۇش ئىستىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوتتەك

كۆيدۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەدرىستە ئوقۇشتىن كۆرە ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر دىيارىغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنغان شىۋىتسىيەلىكلەرنىڭ ئاچقان مەكتىپىنى تاللىۋالدى. كىچىك ھابىل ئۇ يەردە تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە ۋە ئاستۇرونومىيە پەنلىرىدىن بىلىم ئالدى. شۇنداقلا بۇ جايدا ئۇ ياراتقۇچى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇبارەك كالاملىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ھابىلنىڭ ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەيسا مەسىھنىڭ: «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ.» (يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14: 6) «قۇتقۇزۇلۇش يەھۇدىيلار ئارقىلىق دۇنياغا كېلىدۇ. لېكىن شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇ، شۇنداقلا كېلىپ قالدىكى، كىشىلەر روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئەرشتىكى پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىگە ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلغۇچىلارنى ئىزدىمەكتە. خۇدا بولسا روھتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك.» (يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 4: 23 ـ 24) دېگەن سۆزلىرى ئۇنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلدى.

پەرۋەردىگار خۇدانىڭ زور مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ھابىل ئاخىرى

ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپقان ئاشۇ دەقىقىدە كۆزلىرىنى ئەيسا مەسىھكە تىكىپ، ھاياتىنى خۇداغا بېغىشلىغانىدى. ئۇ ئۆز مەيدانىدا تەۋرەنمەي تۇرۇش ئۈچۈن قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرغان ئەنە ئاشۇ كونا جەمىيەتتە ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىش يولىنى تاللىغان بۇ قارارىنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ بىر مۆجىزە ئىدى. كېيىن بۇ مەردانە يىگىتنىڭ قىسمەتلىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ مانا بىز بۇ كىتابچىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشىمىز.

سۆيۈملۈك بوۋىمىز ھابىلنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق يەنە بىز ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ، ئاشۇنداق زۇلمەت زامانلاردا ھابىلدەك باتۇر ئەزىمەتنى پارلىتىپ چىقارغان پەرۋەردىگار خۇداغا شۈكرى-ھەمدۇسانالىرىمىزنى ئېيتماي تۇرالمايمىز.

ئىنتايىن نامرات بىر ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان ھابىل ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ، قۇتقۇزۇلۇش ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئەيسا مەسىھنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئۇ پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن ئۆتكەن ھەر بىر دەقىقىسىنى شۇنداق قەدىرلىگەن ئىدى. ھابىل دەھشەتلىك باستۇرۇلۇش، باشقىلارنىڭ تىل-ھاقارەت ۋە مازاق قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى ھامان ئەرشكە تىكەتتى. خۇدا بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا قورقۇنچ ھېس قىلدۇرمىغانىدى. مۇقەددەس روھ ئۇنىڭغا سۇلماس قانات تەقدىم قىلغانىدى.

هابىل بوۋىمىزنىڭ ھېكايىسى بىزگە ئوخشاش بەختكە تولغان زاماندا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلماقتا. ھازىرقى زاماندىكى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى قانداق ياشىشى كېرەك؟

هابىل بوۋىمىزنىڭ ھېكايىسى بىزگە چوڭقۇر تەسەللىي ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. ھابىل بوۋىمىز بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن زامانلاردىن بۇيان ئەرش يولىدا ئۆزىنى قۇربان ئەتكەن خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئەرشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ئۇيغۇر ئېتىقادچىلارنىڭ پەخرى ھەم ئۇيغۇر مىللىتىگە بەخت ـ سائادەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى زاتتۇر

شۋىتسىيەلىك گۇستاف.ئالبېرت ئەپەندى بۇ كىتابنى 1975 ـ يىلىدىن بۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرگەن ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا قەشقەر دىيارىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ كىتابنى پۈتۈنلەي ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئەھۋال بويىچە يازغان. بۇ كىتاب شۋىتسىيەدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن شۇ جايدىكى مەسىھ ئېتىقادچىلارنىڭ روھىدا زور ئويغىنىشلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇنداقلا كىشىلەر ئەينى چاغدىكى قەدىمىي قەشقەرنىڭ كارتىنىسىنى كۆرەلىگەنىدى. بۇ كىتاب چەتئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. دۇنيا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھەقىقەتنى تونۇماي كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. پەرۋەردىگار خۇدا مانا بۇ ئەزىزلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغاي! ئامىن!

2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي

# هابىل

مانا بۇ ۋەقە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرسىغا جايلاشقان سىرلىق ماكان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن. شىنجاڭدا بىپايان قۇملۇقلار بولۇپ، مانا بۇ قۇملۇقلار ئارىسىدا قاتار-قاتار كىچىك-كىچىك شەھەرلەرمۇ ھەم بوستانلىقلارمۇ خېلى كۆپ. شىنجاڭدىكى توغراق دەرەخلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

قەدىمي قەشقەرنىڭ شەھەر دەرۋاسىنىڭ سىرتىدىكى ئاساسلىق كوچىدا بىر ساراي ئۆزگىچە تۆس ئېلىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ سارايدا يۇرت-يۇرتتىن خىلمۇ-خىل سەۋەبلەر بىلەن قەشقەرگە كەلگەن كارۋانلار ھەم يولۇچىلار قوناتتى. شۇڭا ئۇ جاي كۆندە قايناپ كېتەتتى. سارايىنىڭ يېنىدىكى پاكار-پاكار ئۆيلەرنى ئىجارىكەشلەر ئىجارە ئېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئادەملەر ئادەتتە بەك كەمبەغەلچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھەر بىر ئائىلە پەقەت بىر ئېغىزلا ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرالايتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ دەرىزىسىمۇ يوق بولۇپ، ھەر بىر ئۆيدە بىردىن تۆڭلۈك ئېچىلغانىدى. بۇ ئۆيلەر كوچىغا بەك يېقىن بولۇپ، بىر ئاتلىسىلا ئادەم كوچىغا چىقىپ قالاتتى.

ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بەك قولايسىز بولۇپ، ئۇ ئۆيلەردە تۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

كوچىدىكى بىر ئېغىز ئۆي دۇكان ئىدى. دۇكاندا يېمەكلىك ۋە ملىچ ماللار سېتىلاتتى. بۇ جايدىن خېلى كۆپ تۇرمۇش بويۇملىرىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا

بولمايدىغان پىرىسلانغان كېسەك چاي، ھەر- خىل دورا - دەرمانلار، قىچا مېيى، كۆنجۈت مېيى، ھارۋىلارنىڭ چاقلىرىنىڭ ئوقلىرىنى سىلىقلاشتۇرىدىغان ماي، موخوركا، جىن چىراقنىڭ مېيى، ھەر خىل ياغ قاتارلىقلارنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. يەنە كېچىلىرى ئۆيلەرنى يورۇتىدىغان شاممۇ بار ئىدى. بايرام كۈنلىرىدە بۇ شاملار قىپ- قىزىل قىلىنىپ ناھايىتى چىرايلىق بويىلاتتى. بۇ يەردىن يەنە يەرلىك كۆك تاماكىلارنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. بۇ كىچىك دۇكاندا يەنە قەن - گېزەك، يەل- يېمىش، سەرەڭگە، قامچا قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر سېتىلاتتى.

بۇ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر دەرۋەزا بار ئىدى. بۇ دەرۋازىدىن سارايىنىڭ قورۇسىغا كىرگىلى بولاتتى. دەرۋازا ئىككى قانات بولۇپ، ئىچىگە ئېچىلاتتى. دەرۋازا بەكمۇ قېلىن ئىدى. قورۇ بەك چوڭ بولۇپ، ئىچىدە ئۈجمە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. سارايىنىڭ بىر تەرىپىدە ئات ئېغىلى بار ئىدى. ئات ئېغىلى توساقلار بىلەن توسالغانىدى. ئۇ يەردە ئات، ئېشەك ۋە تۆگىلەر تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئۆيلەرگە تۇتاشقان مېھمان - سارايلاردا يولۇچىلار ئارام ئالاتتى. بۇ مېھمان - سارايلارنىڭ شارائىتى ئىجارە ئۆيلەرنىڭ شارائىتىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. بەزى ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىگە ئەينەكلەر سېلىنغانىدى. ئاۋغانىستانلىق باي سودىگەرلەر مانا مۇشۇ ئۆيلەردە ئارام ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپچىلىكى ئەپيۇن سودىسى قىلاتتى. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدە ساراي خوجايىنى تۇراتتى. خوجايىن ئاۋغانىستانلىق ئەپيۇن سودىگىرى ئىدى.

قەشقەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى مانا بۇ سارايدا مۇھەممەت ئىسىملىك بىر بوۋاق تۇغۇلدى. بۇ ۋاقىت 1914 ـ يىلى كۈز پەسلى ئىدى. بۇ كۈن خاتىرىلىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن ئىدى. مۇھەممەت تۇغۇلغان يىلى ئاتا ـ ئانىسى دۇكانىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە تۇردى. مۇھەممەتنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى توختاخۇن ئىدى. توختاخۇن ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، ئۇ ھۈنەرنى ئەينى چاغدا قەشقەر زېمىنىغا كەلگەن مىسسىيونىر (ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكى، ئۈچ كۈن مازاردا يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى، قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنى سوراققا تارتىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەر مىسسىيونىر دەپ ئاتىلىدۇ) لاردىن ئۆگەنگەن ئىدى. توختاخۇنلار ئەسلىدە يېڭىسارلىق ئىدى. قەشقەردە ياغاچچىلىق ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. مۇھەممەت بالىلارنىڭ چوڭى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خۇدانىڭ بەرىكەتلىرىگە تولغان ئائىلە بولۇپ، خۇلۇم ـ خوشنىلىرى ئۇلارغا زوقلىنىپ قارايتتى.

توختاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللانىڭ شەپقەتلىرىدىن خوشال بولۇپ ياشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار تۇنجى ئوغلىغا مۇھەممەت دەپ ئات قويغانىدى. ئۇلار ئوغلىغا بۇ ئىسىمنى قويۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەيغەمبىرىنى ئەسلەشنى ئۈنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ بالىنىڭ ئىسمى ھەر بىر قېتىم چاقىرىلسا، بۇ بالا شۇنداق

بەخت تاپىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا ئامانلىق ئۇنىڭدا بولسۇن دەپ مۇھەممەتنىڭ ئارقىغا «ئاخۇن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن مۇھەممەتنىڭ بىر سىڭلىسى بولدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ھاۋاخان دەپ ئىسىم قويدى.

مۇھەممەت بىر ئاز چوڭ بولۇپ، ئۆزى ئۇياقتىن ـ بۇياققا مۇستەققىل يۈگۈرۈپ ئوينىيالايدىغان بولغاندا، سارايىنىڭ ئادەم توپلاشقان جايلىرىغا بېرىپ ئوينايدىغان بولدى. ئۇ بۇ جايغا كېلىپ ئويناشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۈجمە پىشىدىغان پەسىلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىدىن چوڭ بالىلار ئۈجمە دەرىخىگە چىقىۋېلىپ، ئۈجمىلەرنى ئېرغىتقاندا، ئۇ پەستە تۇرۇپ، تاكى چوڭ بالىلار دەرەختىن چۈشۈپ، ئۇنى قوغلىۋەتكىچە ئۈجمىلەردىن تازا يەۋالاتتى. بەزىدە ئاۋغانىستانلىقلار ئۇنىڭغا بىر ئىككى تەڭگە بېرىپمۇ قوياتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەت دۇكانغا كىرىپ كەمپۈت ئېلىپ يەيتتى ياكى كىچىك ھارۋىلاردا ساتىدىغان لازا مىلانىغان ئاچچىقتىن ئېلىپ يەيتتى.

مۇھەممەتنىڭ ياز كۈنلىرى بېرىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايى چوڭ يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆستەڭ بويى ئىدى. ئۇ قىپ ـ يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ قىن ـ قىنىغا پاتماي ئوينايتتى. ئۇ دائىم ياشانغان تۇل ئاياللارنىڭ كەينىگە مۆكۈپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇيغۇرلار كىيىم كىيىشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇيغۇرلار كالتا چاپان ۋە قىسقا كۆينەك كىيىشنى چاكىنىلىق

دەپ قارىسمۇ بىراق ياز كۈنلىرى تۆت ـ بەش ياشلىق ئۇيغۇر بالىلىرى ھېچنېمە كىيمەي، قىپ ـ يالاڭاچ بولۇۋېلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىشەتتى. كىچىك بالىلارنىڭ كىيىم كىيمەي ئوينىشى بۇ يەردە پەقەت غەلىتە ئىش تۇيۇلمايتتى. كىچىك مۇھەممەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىيىم كىيمەي يۈرۈش ئۇنىڭغا كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا لاي سۇغا كىرىپ سۇ ئۈزۈپ چىقاتتى. پەقەت مۇھەممەتلا ئەمەس، نۇرغۇن بالىلار ياز كۈنلىرى سۇغا كىرىۋالسا، سۇدىن چىقماي، سۇغا چىلىنىپ ئۇزۇن ۋاقىتى تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. يەنە ئات ـ ئۇلاغلارمۇ بۇ يەرلەرگە باغلاپ قويۇلۇپ، سايىدىلاتتى. بەزىدە يولچىلارمۇ بۇ سۇ بويلىرىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرۇشاتتى. ئۇيغۇرلار سۇنىڭ مەينەت ياكى پاكىز بولۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەگەر ئۇلار بىر قاغىنىڭ كۆل بويىدا سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، كۆلنىڭ سۈيى يېڭىلانغىچە ئاساسەن بۇ كۆلنىڭ سۈيىدىن ئىچمەيتتى. ئېقىن سۇغا نىسبەتەن بۇ سۇ لاي بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بۇ سۇ پاكىز سۇ ھېسابلىناتتى. ھەدىس بويىچە سۇ ئۈچ دانا تاشتىن دۇملاپ ئۆتسە ياكى يەتتە دۇملىسا بۇ سۇ پاكىزلانغان بولاتتى ـ دە، ئۇنى ئىچىشكە بولاتتى.

مانا مۇھەممەتمۇ ئالتە ـ يەتتە ياشلارغا كىرىپ قالدى. ئۇ ئەمدى قىپ ـ يالىڭاچ يۈرسە سەت بولاتتى. ھاۋا شۇنداق ئىسسىق بولسىمۇ ئۇ ئۇزۇن كۆينەك ۋە ئۇزۇن ئىشتاننى كىيىپ يۈرەتتى. مانا مۇشۇنداق كىيىنگەندىلا ئۇ ياخشى كىيىنگەن ھېسابلىناتتى.

مۇھەممەتنىڭ دادىسى ئۆيگە يېقىن جايدىكى مەسچىتنىڭ مەزىنى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە، چۈشتە، چۈشتىن كېيىن، قۇياش پاتقاندا ھەم قۇياش پېتىپ ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەب تىلى بىلەن كۈندە بەش قېتىم ئەزان ئوقۇپ، مۇسۇلمانلارنى مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇشقا چاقىراتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇ ئىشقا دەخلى يەتكۈزمەيتتى. بومدات نامازدا مەسچىتكە ئادەملەر پاتماي كېتەتتى. خۇپتەندىمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق، ئارىلىقتىكى نامازلاردا مەسچىتكە ئادەم كەلمەيتتى. چۈنكى، ئەرلەر سىرتتا ئىشتا بولاتتى. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئىشلەۋاتقان جايلىرىدا بۇ نامازلارنى قازا قىلماي ئوقۇۋالاتتى. بىراق، ئىخلاسمەن ئەمەسلىرى بولسا بۇ نامازلارنى قازا قىلاتتى. مانا بۇ كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىدى. بەزىلەر خۇلۇم-قوشنىلىرىنىڭ كاپىر دەپ تىللىشىدىن قورقمايدىغان بولسا، ئۇلار مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇشنى ئەسلا خالىمايتتى. مۇسۇلمانلار جەمىيىتىدە پەرزلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ قورقۇتۇشى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆپ ئىشلاردىن چەكلەپ تۇراتتى. «يامان بولىدۇ» دېگەنلىك بۇ ئىشنى قىلساڭ، ئالla ساڭا بەخت بەرمەيدۇ ياكى سەن لەنەتكە ئۇچرايسەن دېگەنلىك ئىدى. بولۇپمۇ ياشانغان ئۇيغۇرلار نامازنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى بەك ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆتەيتتى. شۇنداقلا ئۇلار باشقا ئادەملەرنى نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ناماز ئۆتىمەسلىكىگە يول قويمايتتى. ئۇلار خۇلۇم-قوشنىلىرىنىڭ ناماز بامداتنى ئۆتىشىگە كاپالەتلىك قىلاتتى.

مۇھەممەتمۇ يېشى سەل چوڭ بولغاندا، دادىسى بىلەن بىللە مەسچىتكە چىقىپ، چوڭلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. دادىسى ئۇنىڭغا كىچىككىدىن باشلاپ نامازنىڭ بىر قاتار قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى پىششىق ئۆگەتكەن ئىدى. شۇڭا گەرچە ئەرەب تىلى بىلەن ناماز ئوقۇلسىمۇ، بۇ كىچىك مۇھەممەتكە نىسبەتەن قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. ئاللانىڭ دۇئالارنى ئاڭلىشى ئۈچۈن چوقۇم ئەرەب تىلىنى ئىشلىتىلىش شەرت ئىدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دېيىشىچە پەرىشتىلەر ھەم جەننەتنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئىكەن. كىچىك مەسچىتنىڭ بۇ جامائەتلىرى ئازراقمۇ ئەرەب تىلى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ناھايىتى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان تىلدا، ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ يادلىۋالغان سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئاللانىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ئاللاغا، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللانىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بەش نۇقتىغا ئىشىنىشتۇر. بۇ بەش نۇقتا ئىسلام دىنىدا «بەش ئىمان» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى بەش ئىماننى ھازىرلىغان ئادەم مۇسۇلمان بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرى بەش بولۇپ، قىسقارتىلىپ «بەش پەرز» دېيىلىدۇ. پەرز ئەرەبچىدە «رۇكۇن» دېيىلىپ، «ئاساس»، «تۈۋرۈك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. پەش

پەرز ئالالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەش پەرز مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمىلىي مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

ئىمان ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئالالاغا ئىمان كەلتۈرىدىغان ۋە ئالالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كەلىمە تەييىبە» نى ئوقۇش مۇھىم دەپ قارىلىدۇ. «كەلىمە تەييىبە» ئىسلام دىنىنىڭ يادرولۇق ئېتىقادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «ئالالادىن باشقا ئىلاھ يوق؛ مۇھەممەت ئالالانىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بىر قەدەر چوڭ مەسچىتلەردە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدا ئەرەب تىلىدا قۇرئان ئوقۇلىدۇ. بىراق، توختاخۇنلارنىڭ مەسچىتىدە ئەزەلدىن بۇنداق ئىشلار بولمايتتى.

مۇھەممەتنىڭ ئاپىسى مەسچىتكە پەقەت كىرىپ باقمىغانىدى. چۈنكى ئاياللانىڭ ھەرقانداق ئىبادەت سورۇنلارغا بېرىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئاياللار چوقۇم ئۆيلىرىدە ئىبادەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەرلەر ئۆيلەردە بولغان تەقدىردىمۇ، ئاياللىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ ئىبادەت قىلسا ھەرگىز بولمايتتى. بىراق، خۇيزۇ مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار مەسچىتلەردە ئەر ۋە ئايال بىر يەردە ناماز ئوقۇۋېرەتتى. ھازىر ئىستانبول ۋە قاھىرەدە ئاياللار ئۈچۈن ئالاھىدە مەسچىتلەرمۇ قۇرۇلدى.

* * *

ئەينى چاغدا توختاخۇن گەرچە مەسچىتنىڭ بىر مەزىنى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇغلى مۇھەممەتنىڭ مىسسىيونىرلارنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇشىغا يول قويغان ھەم ئوغلىنى قوللىغانىدى. توختاخۇن مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئىدىيىسى قاتمال ئادەم ئەمەس ئىدى. مۇھەممەتمۇ شۋېتسىيەلىكلەر ئاچقان مەكتەپكە بېرىشنى بەك ياخشى كۆرگەن ئىدى. ئۇ دەسلەپ مەكتەپكە بارغاندا يەنىلا ئازراق تارتىنغانىدى. لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۇ بۇ مەكتەپكە كۆندى ھەم سىنىپىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مىسسىيونىرلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنەتتى. مەدرىسلەردە بولسا ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىلمەي، ئەرەب تىلى ئۆگىتىلەتتى.

مۇھەممەت سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەرەبچىنىمۇ ئاز-پاز ئۆگەندى. بىراق، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش تېخىمۇ كۆچلۈكرەك تەلەپ قىلىناتتى. شۇڭا بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى تەسىس قىلىنىپ، خەنزۇچە دەرس بېرىدىغان مۇئەللىملەر تەكلىپ قىلىندى. خەنزۇ تىلى سىنىپلىرىدا خەنزۇ بالىلار بىلەن يۇقىرى يىللىقتىكى ئۇيغۇر بالىلار بىللە ئۆگىنەتتى.

مەكتەپتە يەنە خۇيزۇ باللىرىمۇ ئوقۇيتتى. ئۇيغۇرلار بۇ مىللەتنى تۇڭگان دەپ ئاتايتتى. خۇيزۇلار بولسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن دىنداش ئىدى. لېكىن ئۆرۈپ ـ ئادەت ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە ئۇلار خەنزۇلارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. چىراي شەكلىمۇ خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار بىر يەردە ناماز ئوقۇمايتتى.

شىنجاڭدا يەنە نوپۇس سانى بىر قەدەر كۆپ بولغان مىللەت قىرغىز مىللىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ئېگىز تاغلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلار كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ ئولتۇرىدىغان كۆچمەن مىللەت ئىدى. ياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە ئۇلار كىگىز ئۆيلىرىنى قويۇق ئورمانلار ئارىسىغا يۆتكەپ، ئۇ يەردە قوي ـ كالىلىرىنى باقاتتى. قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي شەكلى ئوخشاپ كەتمەيدۇ. قىرغىزلارنىڭ چىرايى موڭغۇللارنىڭكى بىلەن ئازراق ئوخشىشىپ قالاتتى. يۈزى ياپىلاق، مەڭزى سۆڭىكى ئېگىزرەك كېلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭزىگە قارىغاندا قىزىلراق، موڭغۇللارنىڭ مەڭزىگە قارىغاندا سۇسراق بىلىنەتتى. چۈنكى موڭغۇللارنىڭ مەڭزى قىزىللىقتىن قارىيىپ كېتەتتى. قىرغىزلارمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلارمۇ

تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلار قىرغىزلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار پۇرسەت تاپسىلا سودىدا ئۇلارنى ئالدايدۇ. تۆۋەندىكى رىۋايەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلارغا بولغان كۆز قارىشى نامايان بولىدۇ:

«پاك قىز مەريەم ئەيساغا ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، ئۆز مىللىتىنىڭ مەسخىرە قىلىشى ۋە قىيىن ـ قىستاقىغا ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، قۇملۇققا قېچىپ كەتتۇمىش. بۇ چاغدا ئۇ يالغۇز قېلىپ، ياردەمگە مۇھتاج بوپتۇ. بۇ چاغدا ئاللا قۇملۇقتىكى قىرىق تاشتىن ئۇنىڭغا قىرىق كېنىزەك يارىتىپ بېرىپتۇ. مەريەم ئۇلارنىڭ پادىشاھى بوپتۇ. مەريەمنىڭ بۇ قىرىق كېنىزەككە ھاجىتى قالمىغاندا، ئۇ قىرىق كېنىزەكنىڭ قايتا تاشقا ئايلىنىپ كېتىشىنى خالىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللادىن داۋاملىق ئادەم بولۇپ ياشاشنى تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنى ئادەمنىڭ شەكلىدە قالدۇرۇپتىمىش. لېكىن ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك روھى يوقمىش. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، خۇددى تاشتەك روھى بولماسمىش. قىرغىزلار مانا مۇشۇ قىرىق كېنىزەكنىڭ ئەۋلاتلىرىمىش. مانا بۇ بۇ مىللەتنىڭ «قىرغىز» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمىش. قىرغىز دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قىرىق قىز» دېگەنلىك بولارمىش.

قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىغىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئوخشاش بىر مەزھىپى بولۇپ، ئۇلار سۈننىي مەزھىپىدە. مەدەنىيەت جەھەتتە قىرغىزلار ئۇيغۇرلاردىن ئازراق ئارقىدا قالغان، ياۋايىراق ھەم ئىپتىدائىيراق بولسىمۇ، بىراق قىرغىزلارنىڭمۇ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى

بار. بۇ مىللەتتە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىگە قارىغاندا باشقىلارغا نىسبەتەن ھېسسىداشلىقى بولۇپ، باشقىلارغا رەھىمدىل كېلىدۇ. ئۇلار ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولغاندا، ئۆزىدىكى ئۆگىنىش تالانتى ۋە ماھىرلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قىرغىزلارغا بولغان كونتروللىقى ئۇيغۇرلارغا بولغان كونتروللىقىدەك كۈچلۈك ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى قىرغىز ئاياللىرى دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇسۇلمان ئاياللاردىن بەكرەك كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. قىرغىز ئاياللىرى ئەزەلدىن يۈزىنى ئورىمايدۇ. ئۇلار ناھايىتى ئەركىن ئازادە باشقىلار بىلەن پاراڭلىشالايدۇ. مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، خوجايىن ياكى قۇل بولسۇن، تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغان بولسۇن قىرغىز ئاياللىرى باشقا شەرق مۇسۇلمان ئاياللىرىغا قارىغاندا ئەركىن ياشايدۇ. قىرغىز ئاياللىرى شۇنچىلىك نازاكەتلىك كېلىدۇ.

قەشقەردىن يىراقراق جايدا، ئاۋغانىستان بىلەن ھېندىستاننىڭ يېنىدا تاجىكلار ياشايدۇ. تاجىكلارنىڭ تىلى ھېندى تىل سېستىمىسىغا تەۋە. ئۇلارنىڭ تىلى پارس تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. تاجىكلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ مەزھىپى شىنجاڭدىكى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئىسمائىلىلەرگە تەۋە بولۇپ، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى توغرا بولمىغان بىر مەزھەپ دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىماتىدا ئاللا پەيغەمبەرلەر ۋە پەرىشتىلەر ئارقىلىق نامايان بولىدۇ دېيىلىدۇ. شىئەلەرنىڭ روھى يېتەكچىسى ۋە ئىلاھى «ئاگا خان» دەپ ئاتىلىدۇ. يەركەندىمۇ ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار شىئە مەزھىپىدە بولۇپ، ئۇلار ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىگە

مەنسۇپ.

مەكتەپتە مۇھەممەتنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەر مىللەت باللىرىدىن دوستلىرى بار ئىدى. بۇ مەكتەپتە ھەر مىللەت باللىرى خۇددى بىر ئائىلە كىشلىرىدەك ئىناقلىقتا بىرلىكتە بىلىم ئالاتتى. مەكتەپنىڭ بىر پۈتۈن كەيپياتى ئىتپاقلىق ھەم مېھىر-مۇھەببەت سەۋەبىدىن ناھايتى ياخشى ئىدى.

ئەينى چاغدا شىنجاڭغا نىسبەتەن ئوقۇتۇش كىتابلىرى ناھايتى كەمچىل ئىدى. ىبراق، شۇۋىتسىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىلقى ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقلارمۇ ئۆز لايىقىدا ھەل بولغانىدى. مەكتەپتىكى ئۇقۇغۇچىلار تارىخ، ماتىماتىكا، تەبىئەت ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق كىتابلاردىن بىلىم ئالاتتى. يەنە ئىنجىلمۇ بار ئىدى. مەكتەپتىكى ئۇقۇغۇچىلار بۇ كىتابلارنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى. مەكتەپكە يەنە يېشى چوڭراق بولغان ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بەزى كىشلەرمۇ كېلىپ، بۇ كىتابلارنى كۆرەتتى. مەيلى كىچىكلەر بولسۇن ۋە مەيلى چوڭلار بولسۇن ئۇلار جۇغراپىينى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ئاتلاسلار ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ زېمىننىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. يەنە ئۇلار دۇنيادىكى باشقا جايلار ۋە ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنى چۈشىنىشكە باشلىدى.

شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى چوڭ (1 مىليۇن 400 كوۋادىرات مېتىر) بولۇپ، ئۈچ سۇۋىتسارىيىنى قوشقاندا بىر شىنجاڭغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ ئاساسەن قۇملۇق. ھېچكىم زادى بۇ ماكاندا قانچىلىك نوپۇسنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ

جايدا نوپۇس تەكشۈرۈلۈپ باقمىغان. لېكىن پەرەزلەرگە ئاساسەن بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 500 مىڭدىن 6 مىليونغىچە دەپ قارىلىدۇ. قەشقەردە تەخمىنەن 9 يۈزمىڭ ئادەم، يەكەندە يۈزمىڭ ئادەم بار ئىدى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىلىملەر مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلمايتتى. بىراق، مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېرلارنىڭ ئاچقان مەكتەپتىن بۇنداق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالەيتتى.

بىر كۈنى، قەشقەر شەھرىدە تۇيۇقسىز دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەكتەپتە تەنەپپۇستە ئويناۋاتقان باللار «ئەتە روزا باشلىنىدۇ» دەپ توۋلاشتى. ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيى رامىزان ئېيى ئىدى. بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار روزا تۇتاتتى. چۈنكى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا «قۇرئان» دەل مۇشۇ ئايدا ئاسماندىن چۈشۈرۈلۈپ، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئارقىلىق نازىل بولغان ئىكەن. روزا تۇتۇش ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھەرىكەت جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان مۇھىم پەرزدۇر. «قۇرئان» دا، روزا ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە بار.

روزا پەرز بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 9-ئېيىدا يەنى رامىزان ئېيىدا تۇتىلىدۇ. رامىزان دېگەن سۆز چېنىقتۇرۇش دېگەن مەنىدە. يەنى ئىرادىنى، ئىدىيىنى، بەدەننى چېنىقتۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت مۇنداق دېگەن ئىكەن: «روزا — چىدامىلىقنىڭ يېرىمى، چىداملىق بولۇش — ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.»

روزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىسى بار. مۇسۇلمانلار يېڭى ئاينى كۆرگەندە روزا تۇتىدۇ. يېڭى ئاينى

كۆرگەندە روزىنى ئاچىدۇ. ھەر كۈنى روزا تۇتۇش ۋاقتى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە بار بولۇپ، يەنى ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن بىر يېرىم سائەت ئىلگىرىدىن شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە روزا تۇتقان ئادەم بىر نەرسە يېيىشكە، ئۇسسۇلۇق ئىچىشكە، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا، ھەرقانداق غەيرى مۇراسىم ھەرىكەتلىرىدە بولۇشقا بولمايدۇ. روزا تۇتقانلار بۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىشى لازىم. بولمىسا روزا قوبۇل بولمايدۇ.

ئەگەر بىرەيلەن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى يېڭى ئاينى كۆردۈم دەپ قەسەم ئىچسە، شۇ يەرنىڭ قازىسى مەسچىتكە بېرىپ چىڭقى چۈشتە روزا باشلانغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن دۇمباق چالىدۇ. مانا بۇ چاغدا كىشىلەر بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار گۆش ۋە كۆكتاتلارنى سېتىۋېلىشىپ، زولۇق يېيىشكە تەييارلىق كۆرىدۇ. ئۇلار زولۇقنى شۇنداق ياخشى يەيدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئىككىنچى كۈنى روزىنى ياخشى تۇتالايدۇ.

دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان باللار خوشال بولۇشۇپ سەكرىشىپ كەتتى. ئۆيلىرى يېقىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى مەكتەپكە باللىرىنى ئالغىلى كەلدى. چۈنكى، ئۇلار روزىنىڭ تەييارلىقىنى قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا، بۇ باللارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن رۇخسەت سورىدى. بەزىلىرى بولسا غىپپىدە كېتىپ قېلىشتى. چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە دەرس ئۆتۈلمىدى.

رامىزان ئېيىدا ئوقۇغۇچىلار روزا تۇتىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ دەرستىكى روھى ھالىتى ئانچە ياخشى بولمىدى. بىراق، كۆپىنچە

ئوقۇغۇچىلارنىڭ روزا تۇتۇشى ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇلار چىدىيالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ قۇرساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، روزا تۇتۇشتىن ۋاز كەچتى. باللىلارنىڭ كېچىلىك ئۇيقۇسى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇلار مەكتەپكە كېلىپ مۈگۈدەپ ئولتۇرۇشتى.

هەر كۈنى كېچە سائات ئون ئىككىدىن بىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەسچىت مۇناردا دۇمباق چېلىنىپ، كىشلەرنى ئويغۇنۇشقا دەۋەت قىلىناتتى. شەهەر يېزىلاردىكى هەر بىر ئائىلە جىن چىراقلىرىنى يېقىشىپ، ئوچاقلىرىغا ئوت قالىشىپ چاي قايىنتاتتى. بۇ چاغدا توختاخۇن ئايالىغا: «ئاينىسا، قوپۇپ ئوت يېقىپ، تاماق ئەتكىن» دەيتتى. هەر بىر ئائىلىدە ئايالىلار ئالدى بىلەن قوپۇپ تاماق تاييارلاپ، زولۇق تەييارلايتتى. ئۇلار كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئايرىيدىغان ۋاقىت كەلگىچە تاماق يېيىشەتتى. بۇ قۇرئاننىڭ هۆكمى ئىدى. ئەگەر ئۆيدە ئىخلاسمەنرەك مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، نەچچە قېتىم ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۇلار خەت تونۇسا، قۇرئاننى ئېچىپ، ئۇقۇپ ئولتۇراتتى. بەزى كىشىلەر ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ باشقىلارنىڭ مورىسىدىن ئىس چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى تەكشۈرەتتى. رامىزان ئېيىدا دىنىي پائالىيەتلەر يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن هەر بىر ئائىلە چوقۇم قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ ياخشى تاماقلار بىلەن غىزالىناتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك روزىسى باشلىناتتى. ئۇلار بىر كۈن هېچنېمە يېمەيتتى هەم ئىچمەيتتى. ئۇلار بۇ پەرزگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

رامىزان ئېيىدا هەممە ئادەم كەمتەر، ئىناق هەم سەممىي

بولۇشقا مايىل ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئايدا ئۆزلىرىنىڭ راست سۆزلەۋەتقانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «رامىزان ئەمەسمۇ» دەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە رامىزان ئېيىدا كىشىلەرنىڭ يەيدىغىنى باشقا ۋاقىتلارنىڭكىدىن ئاز بولمايتتى. ئەكسىچە ئۇلار بولۇشىغا يەيتتى. مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئەتىسى بىر كۈندۈز ھېچنېمە يېمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ كۈنلەر خېلى جاپالىق بولاتتى. ئەگەر رامىزان ئېيى يازنىڭ كۈنى بولۇپ قالىدىغان بولسا، كۈندۈز ئۇزاق بولغاچقا ئۇلار تېخىمۇ قىينىلىپ كېتەتتى. مۇھەممەت ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە دائىم مانا مۇشۇنداق قىينچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى.

بىر ئادەمنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەندە ھەم ئۆيقۇسىزلىقتا ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقىنى ھەم ئىخلاسمەنلىكىنى داۋاملىق ساقلىشى ئانچە ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. رامىزان مەزگىلىدە مۇھەممەتنىڭ خۇلۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ جىدەللىشىپ قېلىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئادەتتىكى چاغلاردىنمۇ كۆپرەك يۈز بېرەتتى. بۇ مەھەللىدە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر بەك نامرات بولۇپ، ھەممىسى جېنىنى ئاران بېقىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئىدى. روزا مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس ئىدى. قانخور بايلار ھەم باشقا يۇرت چوڭلىرىنىڭ بۇ ئېيى شۇنداق باياشات ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار كۈن بويى ئۆيلىرىدە ياستۇقلىرىنى قىرلاپ ئارام ئېلىشاتتى. نامرات بىچارىلەر مانا مۇشۇنداق قورساق ياخشى تويغۇزۇلمىغان ئەھۋالدا روزا تۇتسا، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى قانداق ياخشى بولىدۇ دەيسىز؟ ئىسلام

دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ جەننىتى خۇددى باي ئادەملەرگە دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىلگەندەكلا ئىدى. چۈنكى، بايلارنىڭ پۇلى بولغاندىن كېيىن ئۇلار زاكات بېرەلەيدۇ. ھەر خىل ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاللانىڭ كۆپ مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ كەمبەغەللەر بولسا كۈن بويى قۇرسىقىنى ئاران قامداپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسچىتكە بېرىدىغان ھەم غوجاملارنىڭ قەبرىلىرىنى ياستىدىغان نەدە پۇلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ھەرەمگە بارىدىغان نەدە مادارى؟ شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن جەننەتكە بارىدىغان يول تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي ھەم تار ئىدى.

ئوتتۇز كۈن روزىدا بۇ بىچارە خەلقنىڭ كۈن بويى سىرتتا جاپالىق ئىشلىمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇڭا روزا تۇتۇش نامراتلارغا نىسبەتەن ناھايىتى زور بېسىم بولاتتى. بىراق، ئۇلار ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، قانچىلىك جاپا چەكسىمۇ ئوتتۇز كۈن روزىنى تولۇق تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

رامىزان ئاخىرى ئاياقلاشتى. كىشىلەر شات ـ خۇراملىققا تولدى. روزا تۈگىگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن قاتتىق تەبرىكلەش ئېلىپ بېرىلاتتى. مەكتەپمۇ بايرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا دەم ئېلىش بەردى. روزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى دۇمباقمۇ چېلىنمىدى. دىنى نازارەتچىلەرمۇ ئۆيمۇ ـ ئۆي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. ئېيتادىن كېيىن ھەممە ئادەم يېڭىدىن بىر نەپەس ئېلىپ، خاتىرجەم ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىشتى. ئەتىسى سەھەردە مەسچىتتىن يەنە

دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە سۇنايىنىڭ ئاۋازىمۇ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغانىدى. بۇ ئاۋاز باشقا كۈندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جۇشقۇن چىقتى. شەھەر - يېزىلاردىكى ھەممە ئادەم ھېيتنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدى. باشلىرىغا سەللە ئورىۋالغان قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ھەم بالىلار سەلدەك ئېقىپ چوڭ مەسچىتكە ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن كېلىشتى. مەسچىتنىڭ ئالدى مەيداندا باشلىرىغا ئاق سەللە يۆگىۋالغان مۇسۇلمانلار توپى بىلەن تولۇپ كەتتى. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ھەر بىر جامائەتلەر ئۆز ئىماملىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر توپ - بىر توپ بولۇشۇپ كىرىشتى. ئۇلار قاتار - قاتار تۇرۇشتى.

چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپى توشۇپ بولدى. مەسچىت ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، تۆۋرۈكلىرى خېلى مەزمۇت ئىدى. بۇ مەسچىتكە مىڭ ئادەم كەڭ تاشا پاتاتتى. ھېيت نامىزىدا مەسچىت لىپمۇ - لىق تولاتتى.

مەسچىت ئىنتايىن ئېگىز تام بىلەن ئورۇلۇپ تۇراتتى. مەسچىت ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك بىر كۆلچەك بار ئىدى. مەسچىت ھويلىسىمۇ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر يەنە سەلدەك ئېقىپ مەسچىتكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. مەسچىت ئىچىگە قىسىلىپ كىرەلمىگەن مۇسۇلمانلار مەسچىت ئالدىدىكى مەيداندا تۇردى. قوللىرىدا كالتەك تۇتقان مەسچىت قاراۋۇللىرى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ئورۇنلارنى تەرتىپكە سالاتتى. مەسچىتتىن

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللا قۇدرەتلىك) دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەسچىت قاراۋۇللىرى يەنە مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازىدىن مەسچىت ئىچىگە ئوغۇرلۇقچە قاراۋاتقان ئاياللارنى قوغلايتتى. بۇ چاغدا مەسچىتنىڭ يېرىم ئايغا سىمۋول قىلىنىپ ياسالغان تۆۋرۈك ئورنىتىلغان مۇنارى ۋە مەسچىت ئۆگزىسىدىن دۇمباق ۋە سۇناي ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

مەسچىتنىڭ ئىچىدە ئىبادەت قىلغۇچىلار قاتار-قاتار رەتلىك ئولتۇرۇشۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ئىسلام دىنىدىكىلەر مەيلى ياشانغان ياكى ياش بولسۇن، مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن بىللە ئىبادەت قىلاتتى. تۇيۇقسىز دۇمباق ئاۋازى بىلەن سۇنايىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئورنىدىن سەپراس تۇرۇشۇپ، يۈزىنى مەككىگە قاراتتى. سەجدە قىلىپ سالام بېرىش باشلاندى. ئىمام مەسچىتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، يۈزىنى قىلىبگە قارىتىپ، مىڭلىغان ئامىغا ئارقىنى قىلىپ، ئامىغا ۋەكىل بولۇپ ئىبادەت سۆزلىرىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئانچە جاراڭلىق ئەمەس ئىدى. سەل يىراقتىكى ئادەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايتتى. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ سۆزلەرنى ئىچىدە ئىمامغا ئەگىشىپ دەيتتى. ئىمام نېمە قىلسا، شۇنى قىلاتتى. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرۇشاتتى. مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا ئوڭ ۋە سول مۈرىلىرىگە سالام بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئوڭ مۈرىدىكى پەرىشتىنىڭ ياخشىلىقلارنى يازىدىغانلىقىغا، سول مۈرىدىكى پەرىشتىنىڭ يامان ئىشلارنى يازىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوڭ ۋە سول مۈرىسىدىكى پەرىشتىلەرگە سالام بېرىپ، ئۇلارغا بولغان

ھۆرمىتىنى بىلدۈردۇ. ھەممە ئادەم ئوخشاش ۋاقىتتا ئوخشاش ھەركەتنى قىلىدۇ. قارىماققا ھېيت نامىزى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىپ، مەسچىتلەردە ئىبادەت قىلىشى چەكلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ دىنىدەك ئىدى.

جامائەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇمباق ئاۋازى بىلەن سۇناي ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى. مەسچىتتىن جامائەت تارقالدى.

ئۈچ كۈن ھېيتتا، مۇسۇلمانلار ئۆز-ئارا ھېيتلىشىپ، بىر-بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي ھېيت خوشاللىقىغا چۆمۈپ، ئازابلىرىنى بىر مەھەل ئۇنتۇشىدۇ. ھەممە ئائىلىلەردە ساڭزا، قەن - گېزەك، قورۇق يەل-يېمىش، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ياخشى نەرسىلەر تىزىلىدۇ. ھېيتتا ئۇلار چوقۇم ئالاھىدە مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ. بايلار بولسا چوقۇم يېڭى كىيىم كىيىشىدۇ. نۇرغۇن كەمبەغەللەر بولسا يېڭىنى ئېلىشقا قۇربى يەتمەي، كىيىملىرىگە يىپ بولسىمۇ چىگىشىۋالىدۇ. مۇھەممەتمۇ ھەم شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەلمىدى. لېكىن ئاپىسى ئۇنىڭ بىردىن بىر كۆڭلىكىنى پاكىز يۇيۇپ بەردى-دە، كۆڭلەككە يىپ چېگىپ قويدى. شۇڭا مۇھەممەت يەنىلا ناھايىتى خوشال ھالدا دوستلىرى بىلەن ھېيت خوشاللىقىغا چۆر بولدى.

روزا ھېيت ئۆتۈپ يەتمىش كۈندىن كېيىن قۇربان ھېيت كېلەتتى. بۇ ھېيتتا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ مورايا تېغىدا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشى خاتىرىلىنەتتى.

قۇربان ھېيتمۇ ئۈچ كۈن ئۆتكۈزىلەتتى. شۇڭا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. بۇ ھېيتنىمۇ روزا ھېيتقا ئوخشاش ھېيت نامىزىدا دۇمباق چېلىنىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇلاتتى. دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە مەھەللە ـ كويلار ئۆزئارا ھېيتلىشاتتى. قۇربى يەتكەنلەر يېڭى كىيىملەرنى كىيەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار مالنى قۇربانلىق قىلاتتى. كۆپىنچى ئەھۋاللاردا بىر قوي قۇربانلىق قىلىناتتى. كاتتا قىلغانلىرى كالا ۋە ئاتلارنى قۇربانلىق قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئاللادىن گۇناھلىرىنى تىلەيتتى. ئۇلار مۇشۇ مالنىڭ قېنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا قۇربان ھېيتتا تۇمەنلىگەن قويلار قۇربانلىق قىلىناتتى. ھەر بىر ئائىلە گۆش پۇشراتتى. ئەگەر بەك نامرات بولۇپ، قۇربانلىق قىلالمىغان بولسا، بىر ئۆچكە بولسىمۇ سوياتتى. ياكى بازاردىن بىر پارچە گۆش سېتىۋالسىمۇ بولاتتى. قوي سويغانلار چوقۇم كەمبەغەللەرگە ئازراق گۆش سەدىقە قىلاتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئاللادىن كەلگەن قىممەتلىك بەختكە ئېرىشىش تەماسىدا بولاتتى.«قوي سويغۇچىلار مۇشۇ قويغا مىنىپ پىلسىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتىدۇ» دەپ قارايتتى. بۇ پىلسىرات كۆۋرۈكى چاچتىنمۇ ئىنچىكە، پىچاق بىسىدىنمۇ ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ جەننەت بىلەن دوزاقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك ئىكەن.

بىر كۈنى مۇھەممەت مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ساراي خوجايىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىلەمچىلەر

ئىدى. ساراي خوجايىنى سۇپىغا چىقىۋېلىپ ئۇلارغا نان تارقىتىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە مۇلازىم نان سېلىنغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساراي خوجايىنى ناندىن باشقا يەنە پۇلنىمۇ ئۇلارغا سەدىقە قىلىۋېتىپتۇ. سېۋەت بىر دەمدىلا قۇرۇقدىلىپ بولدى. پەستە تۇرغان تىلەمچىلەر ئەڭ ئاخىرقى تاشلانغان ناننى تالىشىپ جىدەللىشىۋاتاتتى. تىلەمچىلەر سەدىقە قىلىنغان پۇل ۋە نانلانى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ساراي خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. بەزى ئادەملەر ئىچىدە بىر نېمىلەرنىدۇر دېدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغىنى ئىدى. يەنە بەزىلەر «ئامىن» دەپ قويۇپ ئىشنى تۈگەتتى. بۇ ئادەملەر ساراي خوجايىنىغا «ئاللا قىزلىرىغا شىپالىق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلار » دېيىشتى ـ دە، تازىم قىلغان هالدا تارقىلىپ كېتىشتى. مۇهەممەت ساراي خوجايىنىنىڭ قىزى سىيتناخاننىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاچقا ساراي خوجايىنى تىلەمچىلەرنى ۋە كەمبەغەللەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا زاكات بېرىپ، ئۇلارنى قىزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرغان ئىكەن. زاكات مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرىزىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەشىنچى تۈۋرۈكىدۇر. ئەگەر تىلەمچىلەر مۇهەممەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بىر بۇردا نان تىلىسە ئۇلار كەمبەغەل بولغان تەقدىردىمۇ، تىلەمچىنى بىر بۇردا نانسىز قايتۇرمايتتى. بايلار بولۇپمۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىرەر

پىشكەللىككە ئۇچرىسا، كەمبەغەللەرنى ئۆزى تېپىپ كېلىپ سەدىقە بېرەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە مۇھەممەت ئويغىنىپ ئىشىك ئالدىدىكى ئۆتەڭ بويىدىكى بىر دەرەختە بىر ئىشەكنىڭ باغلاغلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دادىسىدىن بۇ ئىشەكنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سورىدى. دادىسى ئۇنىڭغا: «بۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئىشكى، مەن ئۇنى ھەجگە بېرىپ كېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىپ تۇردۇم» دېدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، بىر توپ ئادەملەر ئات ۋە ئىشەكلەرگە مىنىپ داغ ـ دۇغا بىلەن ھىندىستان تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ھىندىستان ئارقىلىق ئەرەبىتىكى مەككىگە تاۋاپ قىلغىلى باراتتى. مەككە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس جاي ئىدى. مۇسۇلمانلار: «ھەجگە بارغانلار پاكلىنىپ، ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تاغدەك ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، بارلىق گۇناھلىرى مەخپىرەت قىلىنىپ، بۇ دۇنيادا ۋە ئۇ دۇنيادا بەك خوشال بولىدۇ. ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت تاپىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيالىقىدا نام ـ ئابرويلۇق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ» دەپ قارايتتى. ھەجگە ماڭىدىغان گۇرۇپپا سەپ تارتىشىپ ماڭغاندا، بارلىق ئادەملەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپ، ئۇلارغا تازىم قىلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» (تېنچ ئامانلىق سىزنىڭ بولسۇن) دېيىشەتتى.

ھەجگە ماڭغانلارنىڭ ئىچىدە قۇرامىغا يەتكەن باي يىگىتلەر بار

ئىدى. يەنە باشلىرىغا ئاق سانجىغان ياشانغان ئادەملەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر ئۆمۈر تاپقان پۇلىنى ھەج خىراجىتى قىلاتتى. يولۇچىلار ئىچىدە يەنە نىيىتى يامان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەجگە بېرىش ئارقىلىق يۇقۇرى نامغا ئىگە بولۇشنى ئويلايتتى. بۇ قېتىمقى سەپەردە سەييۇللا ئىسىملىك بىر ئادەممۇ بىللە ماڭغانىدى. ئۇ كەمبەغەللەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرۇپ كەلگەن بىر زومگەر ئىدى. تېخى بىر يىل ئىلگىرىلا يالغان يەر خېتى ئارقىلىق ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالمىغانىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىمۇ ئالدىنىپ، مەجبۇرى ھالدا ئۇ يەر خېتىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ بالىمۇ قۇرسقى دۇمباقتەك كۆپىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. كىشىلەر بۇ ئىشنى يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنىڭ جازاسى دەپ قارىدى. مانا بۇ ئىشتىن كېيىن سەييۇللانى باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان بولىۋالدى. بۇ نۇقتىنى ئۇ ئۆزىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەردىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەككىگە بېرىپ ئاللادىن گۇناھىنى تىلىگەچ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ كەتكەن ئابروينى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانىدى. ئۇمۇ باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا «ھاجى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇمۇ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە قۇتقۇزۇلۇش ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا تەسەللىي تاپماقچى ئىدى.

كارۋانلار قەشقەردىن ئايرىلىپ بەش كېلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن

توختىدى. ھەجچىلەرنى ئۇزۇتۇپ چىققان ئۇرۇق-تۇققان، دوست-بۇرادەرلەر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار ھەجچىلەرنى ئاللانىڭ قولىغا تاپشۇردى ھەم ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلىدى. ئۇزۇتۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەج ئەترىتى داۋاملىق سەپەرگە ئاتلاندى.

ھەجگە بارغانلار ئاساسەن بىر يىلدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلارنى قارشى ئالغىلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. بىراق، مۇھەممەتنىڭ ئانىسى بۇنداق سورۇنلارغا بېرىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى. ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ھاجى» ئۇنۋانى قوشۇلاتتى. بۇ نام مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى ئىدى.

ھەج قىلىش بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئارخىرقى پەرىزى بولۇپ، دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۆۋرىكى ئىدى.

مۇسۇلمانلانىڭ مەككىدىكى كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغان بىر قاتار دىني پائالىيەتلىرى ھەج قىلىش دېيىلىدۇ. ھەج قىلىشنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى بەلگىلەنگەن جايدا ئېھرام باغلايدۇ، كەبىنى ئايلىنىدۇ، «مىنا» دا تۇرىدۇ، ئارافات تېغىغا بارىدۇ. سەفە تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئوتتۇرسىدا يۈگرىدۇ ۋە شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۆمرە ھەج قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ھەج قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن قائىدە-يوسۇن ۋە چەكلەنگەن ئىشلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، ھەج ھېسابقا ئېلىنمايدۇ ياكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە جازالىنىدۇ. مانا بۇ پائالىيەتلەر تۈگىگەندىن

كېيىن، ئالدىنقى تۆت پەرزمۇ ئورۇندالدى دەپ قارىلىپ، بۇ ئادەم مۇكەممەل ئادەم دەپ قارىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ مۇكەممەللىكنى باشقىلار ھېچ كۆرەلمەيدۇ. شىنجاڭلىقلارنىڭ دىنى بىلىمى ئاساسەن «پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى» (قىسەسۇل ئەنبىيا) دېگەن كىتابتىن كېلىدۇ. بۇ كىتابتا ئاللانىڭ بەزى مۇسۇلمانلارنى ھەج قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقى بىراق ئۇلارنىڭ مەككىگە بېرىش سەپىرىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى، پەرىشتە جەبرىئىلنىڭ بىر قىسىم ئادەمنى چاقىرىدىغانلىقى ئۇلار ھەج تاۋۇپىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئۆيىگە قايتىش سەپىرىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى، ئاندىن شەيتاننىڭ يەنە بىر قىسىم ئادەمنى چاقىرىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ ساق-سالامەت ئۆيلىرىگە قايتىدىغانلىقى يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەككىگە بېرىش سەپىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن قالسا ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ، قايتىش سەپىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇنداقتا ھاجى بولۇپ ئۆيلىرىگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەن ئادەملەرچۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. كىشىلەر دائىم ھاجى بولۇپ كەلگەنلەردە ماھايەتلىك ئۆزگۈرۈش بولمايدىغانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشاتتى. بۇ يەردە تىپىك مىسال سەيپۇللا ھاجىم بولۇپ، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىدىغۇ مانا!

ھەج- تاۋاپتىن قايتىپ كەلگەن توختاخۇن ئازراقمۇ خوشاللىق ھېس قىلمىدى. چۈنكى، بىر ھاجى: «توختاخۇن مەزىن بولۇش

سۆپتى بىلەن، ئوغلىنى مەدرىستە ئوقۇتماي، خرىستىئانلارنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇتۇۋاتىدۇ، ئۇ كاپىردۇر. ئۇنىڭ ھەجىسى قوبۇل بولمىدى» دېگەن ئىدى.

مۇھەممەت ۋە ھاۋاخاننى قاتتىق قايغۇ باستى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاپىسى كېسەل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خولۇم-خوشنىلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۇنى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كېلىپ مۇھەممەتنىڭ ئاپىسىدىن رازىلىق ئېلىشاتتى. ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرى بولسا، كەچۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنەتتى. توختاخۇن بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ، كۆز يېشى قىلىشاتتى ھەم ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىشاتتى. جاننى ئالىدىغان مالائىكىلەر چۈشۈپ: «ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى». ئۆينى قاتتىق يىغا-زار قاپلىدى.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قارىشىچە، جاننى ئالىدىغان مالائىكە جاننى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ جاننى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت تۇتۇپ تۇرىدىكەن، ئىككى پەرىشتە ئۆينىڭ ئىككى بولۇڭىدىن چىقىپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئەگەر بۇ ئادەم ياخشى ئادەم بولسا، روھى جەننەتكە ئېلىپ چىقىلىدىكەن. ئاللا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ياخشىلىق دەپتىرىگە يازدۇرىدىكەن. ئاندىن روھ بۇ ئادەمنىڭ تېنىگە قايتا كىرگۈزۈلىدىكەن. ئەگەر بو روھ يامان ئادەمنىڭ روھى بولسا، ئىككى قاراڭغۇلۇقنىڭ پەرىشتىسى ئۇنى جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرۋازىغا

ئېلىپ كېلىپ، ئىشكىنىڭ ئېچىلىشىنى ئۆتۈنىدىكەن. ئۇلار رەت قىلىنىپ، جەننەتنىڭ ئىشكى ئېچىلمىغاندىن كېيىن ئاللا بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى يامانلىق دەپتىرىگە پۈتۈشنى بۇيرۇيدىكەن. ئاندىن ئۇنىڭ روھى پەسكە چۈشۈرۈلۈپ ئۆلۈكنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈلىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ئەپسانىلەرگە ئىشىنىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى نېمىدېگەن بىچارە بىر خەلق-ھە؟ ھەقىقەتنى تونۇيدىغان كۆزلىرى ئېچىلىسچۇ كاشكى؟

ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىدىن مىيىتنى تېز چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەڭ كەچ قالغاندىمۇ ئىككىنچى كۈنى چۈشكە ئېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا مۇھەممەتنىڭ ئاپىسى تۇگەپ كەتكەندە، ئۇلار مىيىتنى تېزلا كۆمۈۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىكلىرى ئادەتتە تاشقى يەرلىك ۋە ئىچكى يەرلىك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئىچكى يەرلىكنىڭ ئىگىزلىكى ئادەم ئولتۇرسا ئاران بولىدىغان قىلىپ كولىنىدۇ. يەر بەك قاتتىق بولغاچقا، مۇشۇنداق يەرلىكنى كولىماقمۇ ئانچە ئاسان بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

يەرلىك كولىنىپ، مىيىت يۇيۇپ-تارالغاندىن كېيىن، كېپەنلىنىپ كىگىزگە ئورىلىدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جەسەتنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ كۆمۈش جەسەتكە نىسبەتەن قاتتىق ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم مۇراسىمى مىيىت چىققان ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. خۇلۇم-خوشنىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈم

پەتىسكە كېلىدۇ. ئۆلۈمدە قۇرئان ئوقۇلىدۇ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەتكە ۋە ئۆلگۈچىگە ئاتاپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىنىدۇ. مېيىتنى ئەرلەر ئۆيدىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئاياللار بولسا ئۆيدە قېلىپ، داۋاملىق ھازا ئېچىپ يىغلايدۇ.

مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندا، ئۇنىڭ يۈزىدىكى لاتا ئېچىۋېتىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ يۈزى قىبلىگە قارىتىلىپ قويۇلىدۇ. كىشىلەر يەرلىكنىڭ ئەتراپىدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ ھەم قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ئوقۇلىدۇ. ئىچكى يەرلىك تاش ياكى كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ. ئاندىن تاشقى يەرلىكنى توپا بىلەن تىندۇرىدۇ. قەبرە يېنىغا بىر چېدىر تىكىلىپ، خەت بىلىدىغان قارىمدىن بىرنى تەكلىپ قىلىپ، قەبرە بېشىدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇتۇلۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەتمۇ ئانىسىنىڭ بۇ ئۆتكەندىن ئۆتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ بېشىدا قۇرئان ئوقۇدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۇ دەپنە قىلىنغان بىرىنچى كېچىدە يەنىلا ئۇنىڭ تېنىدە بولارمىش. ھەمدە ئىككى قاراڭغۇلۇق پەرىشتىسى ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن قايسى خۇداغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىلىدىغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورارمىش. ئىمانى بار كىشى ئاللاغا ئىشىنىمەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن. ئەۋەتىلىدىغان ئادەم مۇھەممەت دېيەلەيمىش. ئاندىن ئۇ جەننەتنىڭ كىيىمىنى كىيەرمىش. جەننەتنىڭ

ھېدى ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، گۆرمۇ كەڭرىپ ھەتتا ئەترەپتىكى تاملارنىمۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماسمىش. لېكىن ئۆلگۈچى بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرەلمەيدىغان بولسا، قاراڭغۇلۇق پەرىشتىلىرى چوڭ تۆمۈر توخماقلار بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئۇرىدىكەن. بۇ ئادەم قىيا - چىيا قىلىدىكەن. ئادىمىزات ۋە جىنلاردىن باشقا مەغرىپتىن مەشرىققىچە ھەممە روھلار ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلىيالايدىكەن. ئۇنىڭ گۆرىمۇ كىچىكلەپ، ئۇنى قىسىپ ئۇستىخانلىرىنى غاراسلىتىپ سۇندۇرىۋېتەرمىش.

نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى تاكى قايتا تىرىلىدىغان كۈنگىچە  قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى دائىم قەبرە بېشىغا چىقىپ، ئۆلگۈچى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، خەتمە - قۇرئان ئوقۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئادەم ئەرۋاھ بولۇپ كېتىدۇ. ئەرۋاھ نەرسە يەپ ئۆز جىسمانىي قۇۋۋىتىنى تولۇقلايدۇ دېگەن سۆزگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار گۆش سېلىپ ۋە ياغ پۇرۇتۇپ قۇيماق سېلىپ ئۇنىڭدىن چىققان پۇراق ئارقىلىق ئەرۋاھلار روھىنى تويدۇرىدۇ. مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار گۆش سالدى. پوشكال سالدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ئۇلار بەك كەمبەغەل بولغاچقا بۇ ئىشلارنى قەرەللىك قىلىپ تۇرالمىدى. ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇھەممەت بىلەن ھاۋاخاننىڭ

كۆڭلىرى تېخىمۇ تەسلىكتە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ دادىسى توختاخۇنمۇ ھېچقانداق كېسەل بولمايلا تۇيۇقسىز بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ باللىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسى پەقەت بىر ساندۇق ياغاچچىلىق سايمانلىرى ئىدى. بۇ ئىككى بالا بۇ دۇنيادا قارا يېتىملەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار تايانچسىز قالدى. چۈنكى، ھېچكىممۇ ئۇلارنى بېقىۋېلىشنى ئويلاشمىغانىدى. مانا بۇ چاغدا ئاق كۆڭۈل شىۋىتسىيەلىكلەر ئاچقان مەكتەپ بۇ ئىككى بالىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. كىچىك ھاۋاخان يەركەندىكى «قىزلار ئائىلىسى»دە تۇرغۇدەك جايغا ئېرىشتى. مۇھەممەت بولسا بىر مەزگىل قەشقەردە تۇرۇپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەركەندىكى «ئوغۇللار ئائىلىسى»دە تۇردى.

***

مۇھەممەت ئىنتايىن تالاتلىق، ئۆتكۈر ھەم تىرىشچان بالا ئىدى. شۇنداقلا ئۇ شۇنداق سەزگۈر ئىدى. مۇھەممەت ئۆسمۈر ۋاقتىلىرىدا قەشقەردىكى مىسسىيونىرلارنىڭ مەكتىپىدە كىتاب بېسىش ۋە تۈپلەش ئىشلىرىنى قىلىپ باققان ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ باسما زاۋۇت پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تۇنجى ھەم بىردىن بىر باسما زاۋۇت ئىدى. ئەينى چاغدا بۇ يەردە باسما زاۋۇتنى قۇرۇش شۇنداق تەسكە توختىغان بولۇپ، ھەممە ئۈسكىنىلەر تۆگە ۋە ئاتلار بىلەن بەش يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان تاشلىق جىلغىلارنى ۋە قاقاس چۆللۈكلەر ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن ئىدى. 1912 ـ يىلى شىنجاڭدا بۇ باسما زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك بىر خەۋەر بولغانىدى.

يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر كېلىشىپ، ئوسكونىلەرنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېتەتتى. مانا بۇ باسما زاۋۇتىدا نۇرغۇن كىتابلار بېسىلىپ چىقتى. ھەتتا مۇقەددەس كىتاب بولغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللارمۇ، مەدھىيە ناخشىلىرىمۇ ھەم مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارمۇ بۇ باسما زاۋۇتتا بېسىلىپ چىقتى. مانا شۇنداق قىلىپ دۇنيا مەدىنىيىتى ۋە خۇدانىڭ ھەقىقىتى مانا بۇ چەت ياقا رايونغا ئېلىپ كېلىندى.

مۇھەممەت باسما زاۋۇتتا ياخشى دوستلارنى تۇتتۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن يوسۇف ئەپەندى ئىدى. يوسۇفنىڭ دادىسى كەشمىرلىك مۇللا، ئانىسى ئۇيغۇر ئايال ئىدى. يوسۇف ۋە ئۇنىڭ دادىسى ھىندىستان تەۋەلىكىدە ئىدى. بۇ چاغلاردا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. يوسۇفنىڭ دادىسى بەكمۇ بىلىملىك كاتتا ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلەشتىن باشقا يەنە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. يوسۇفنىڭ دادىسى باسما زاۋۇتىدا ئۇزۇن يىل يېزىقچىلىق ۋە مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابقا بولغان تونۇشىمۇ ئەينى چاغدا شۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلاردىن چوڭقۇرراق ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىشىنىپ كەلگەن دىنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. يوسۇفنىڭ دادىسى بىر ئۆمۈر ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئۆتكەن مۇسۇلمان ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇ قارىماققا شۇنداق تەسىر بېرەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئوغلى يوسۇف ناھايىتى قىزغىن بىر مەسىھ

ئېتىقادچىسى بولدى. يۈسۈپ ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتە ئۆزگىرىپلا قالماي، ئۇنىڭ پۈتكۈل روھى دۇنياسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. يۈسۈپ چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىسمىنى يۇھاننىغا ئۆزگەرتىۋالدى. چۈنكى، يۇھاننا رەب ئەيسانىڭ بىر شاگىرتىنىڭ ئىسمى ئىدى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇنىڭ ئىسمى يۈسۈپ. يۇھاننا بولدى.

يۈسۈپ باسما زاۋۇتىدا ۋە دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ياشلارغا شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ بۇ ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئاخشاملىرى پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى ھەم ئۇلار بىلەن بىللە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. ئۇ يەرلىك ئۆرۈپ ـ ئادەت بويىچە ئۇلارغا چاي قۇياتتى. ئاندىن ئۇ ساز چېلىپ زەبۇر مۇناجاتلىرىغا تەڭكەش قىلاتتى. ئۇيغۇرلار مۇزىكا تالانتى بار بىر مىللەت. ئۇلار يولدا ماڭسىمۇ، ناخشا ئېيتىپ ماڭىدىغان خەلق ئىدى. ئۇلار يەنە ساز چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلارنىڭ چالىدىغان سازلىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ چالىدىغان سازلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى كۆپ پەرق بولۇپ، ئاھاڭلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.

دىنى قائىدە بويىچە پەقەت روزا ھېيت ۋە دىنى مۇراسىملاردىلا دومباق ھەم سۇناي چېلىشقا بولاتتى. بەزى ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى مۇزىكىنىمۇ تەرغىپ قىلاتتى. ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانچىلىقتا ناخشا ئېيتىش چەكلىنەتتى. سازلارمۇ ناپاك ھېسابلىنىپ، پەسكەش ئادەملەر چالىدىغان نەرسە دەپ قارىلاتتى.

شىنجاڭدا يەنە بەزىدە يەر تەۋرەپ تۇراتتى. شۇنداقلا قاتتىق

يامغۇر ھەم جۇدۇنلۇق كۈنلەرمۇ كۆپ بولاتتى. يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قارا بوران قۇم توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ، بىر نەچچە كۈن قۇياشنىمۇ كۆرگىلى بولماي قالاتتى. مۇشۇنداق كۈنلەردە كىشىلەر ئەندىشىگە چۈشەتتى. چۈنكى، زىرائەتلەر پىشاي دېگەندە مۇشۇنداق ھاۋا بولىدىغان بولسا، زىرائەتلەر زور زىيانغا ئۇچرايتتى. مول ـ ھوسۇل زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتەتتى. قۇياش نۇرىنى چاڭ ـ توزانلار توسۇۋېلىپ، تاغ تۆپىدىكى مۇزلار ئېرىمەيتتى ـ دە، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇغۇرغىدەك يېتەرلىك سۇ بولماي قالاتتى. مانا بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر ئاللا بىزگە غەزەپلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللانىڭ قايسى ئىش تۈپەيلىدىن غەزەپ ياغدۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. چۈنكى، ئۇلار مەسىلىنى ھەل قىلساق ئاللا تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئويلاتتى. شۇڭا ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ قۇرئان كېرىمنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ئەيىپلەيتتى. كوچىدا ماڭغاندا يۈزىنى ئورىمىغان ئاياللارنى ئەيىپلەيتتى. ئىسلامنىڭ شەرىئەتلىرىنى قوغدىغۇچىلار جىگەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلامنىڭ شەرىئەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىغان مۇسۇلمانلارغا تاقابىل تۇراتتى. ئۇلار يۈزىنى ئورىمىغان قىز ـ چوكانلارنى كۆرگەندە، غەزەپتىن قامچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ئۇراتتى. ئەگەر ھاۋا يەنىلا ياخشى بولمىسا، ئاللانىڭ يەنە باشقا غەزەبلىنىش سەۋەبلىرىنى ئىزدەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالا ـ قازانىڭ سەۋەبى ناخشىچى ھەم

سازچىلاردا ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتى ـ دە، شەرىئەتچىلەر دەرغەزەپ بىلەن سازلارنى ئىزدەپ تېپىپ، شەھەردىن بۇ «مەينەتچىلىكلەر» نى تازىلايتتى. ئۇلار سەرگەندان قوشاقچىلار ھەم ناخشىچىلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئۆمرى قىسقا كەلگەن بۇ سازلارنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالاتتى ـ دە، سازلارنى يەرلەرگە ئېتىپ، ئۇلارنى كۇكۇم ـ تالغان قىلىۋېتەتتى. قايسى ئائىلىدىن ساز ۋە ناخشىنىڭ ئاۋازى چىققۇدەك بولىدىغان بولسا، شەرىئەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرەتتى. شەرىئەتچىلەر بولۇپمۇ قولىدا بىر يارماقنىڭ سۇنۇقى بولمىغان كەمبەغەللەرگە مۇشۇنداق مۇشتۇمزورلۇق قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنى ياسىغۇچىلارنىڭ زىيىنى ئەڭ چوڭ بولاتتى. مەيلى قانداق ساز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلار تامغا ئۇرۇلۇپ، دەسسىلىپ چېقىلاتتى. دۇكاننىڭ ئىچى جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بۇ چاغدا سازلارنى ياسىغان ئۇستىلارنىڭ يۈرىكى لەختە ـ لەختە بولۇپ كېتەتتى. پەقەت سازلارلا چېقىلىپ قالماستىن، ئادەملەرنىڭ باشلىرىمۇ ساق قالمايتتى. شەرىئەتچىلەر ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىپ كېتىپ قېلىشاتتى. چېقىلغان سازلارنى تۈزەشكە قەتئىي بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار دەرتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ، سازلارنى قايتىدىن ياشاشقا كىرىشەتتى. ئۇستىلار تېزلا يېڭى سازلارنى ياساپ چىقاتتى. شۇنداق زورلۇقلار ئاستىدىمۇ ساز سېتىۋالغۇچىلار ھامان ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، ناخشا ـ مۇزىكىغا بولغان قىزغىنلىق بۇ مىللەتنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئاقاتتى. ئۇلار ئاللاغا ئىبادەت قىلغاندا ئادەتتە

ناخشا ـ مۇزىكىنى ئويلىمايتتى. چۈنكى، ناخشا ـ ئېيتىش شەرىئەتتە گۇناھ دەپ قارىلىپ، شەيتانغا سەجدە قىلغانلىق دەپ قارىلاتتى. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشىلىرىدا مۇھەببەت كۆپرەك ئىزهار قىلىناتتى. شۇڭا، ناخشا ئېيتىش گۇناھ بولاتتى.

مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بۇ يەردىكى ئادەملەرگە بەزى يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئورگان (سۇنايلىق چالغۇ ئەسۋابى) ئەينى چاغدا خۇداغا ئىبادەت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ساز ئىدى. بۇ ساز ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ ساز تولىمۇ مۇڭلۇق بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. بۇ ساز كىشىلەرنى خۇداغا يېقىنلاشتۇراتتى. مەدھىيە ناخشىلىرىمۇ ھەم شۇنداق بولۇپ، بۇ ناخشىلار كىشىنى پەرۋەردىگار خۇداغا تەلپۈندۈرەتتى. غەرپنىڭ ئىسكىرىپكىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئىدى. مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىبادىتى دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغان ھەقىقىي خۇداغا قىلىنغان ئىبادەت بولغانچقا، مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئىبادىتى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىناتتى. يۈسۈف بىر مىسسيونېردىن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. مۇھەممەتمۇ ئاستا ـ ئاستا ئورگان ۋە ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەندى.

* * *

مۇھەممەت ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى، ئۆزىنىڭ ياشقا چوڭراق بىر دوستى بىلەن بىللە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ

يېتەكچىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار تېزلىك بىلەن مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئېتىقاد ھەقىقىتىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇلار يەنە سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئەيسا مەسىھ جامائەتچىلىكىنىڭ رەسمىي بىر ئەزاسى بولدى.

ئۇلار بىر مەزگىل تەلىم ئالدى. كۆپ سىناقلاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر دوستىمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بارغانسېرى تاۋلاندى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى تەۋرەنمەيدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئەرشكە تىكىپ، پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى ئەيسا مەسىھكە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىدى. ئۇلارنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈش مۇراسىمى مىلاد بايرىمىنىڭ جىمجىت كېچىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئۈچ مەردانە يىگىت كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۆزىنىڭ خۇداسى ھەم قۇتقۇزغۇچى رەببى دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇش ھەم ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئىشى توغرىسىدا گۇۋاھلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ھەرگىزمۇ مەلۇم ئادەمنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئېتىقاد قىلغان ئەمەس. ئۇلار خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۆزلىرى مانا مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈش ئىشىغا كەلسەك، بۇمۇ پۈتۈنلەي ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولغانىدى. ئەملىيەتتە باشقىلار ئۇلارنىڭ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلمەسلىكى توغرىسىدا نەسىھەت

قىلغانىدى. بىراق، بۇ ئوت يۈرەك ياشلار مەردانىلىق بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە شاگىرتى بولۇشنى لايىق كۆرگەن ئىدى. ئەنە ئاشۇنداق ئىسلام دىنىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدىكى بۇ ئاجايىپ بىر زېمىندا مۇشۇنداق قارارغا كېلىش ئاجايىپ بىر مۆجىزە بولۇپ، پەقەت باتۇرلارلا مۇشۇنداق قارارغا كېلەلەيتتى.

مۇھەممەتنىڭ گۇۋاھلىقى كىشىنىڭ قەلب تارىنى چېكەتتى. ئۇنىڭ مىسسىيونېرلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى تەسىراتلىرىدىن تارتىپ، دائىم مەسىھچىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىگە قاتنىشىشىغىچە بولغان كەچۈرمىشلىرى پۈتۈنلەي رەب ئەيسانىڭ يېتەكلىشى بىلەن بولغانىدى. ئۇ كىچىكلىكىدە بىر قولنىڭ ئۆزىگە ھەر دائىم ياردەم قىلىپ، ئۆزىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيسا مەسىھنى ئۆزىنىڭ بىردىن بىر رەببى دەپ تونۇغانىدى. چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى بەك مەخپىي تۇتاتتى.

مۇھەممەت گەرچە ئىنتايىن ياش بىر بالا بولسىمۇ، ئۇ مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ قانداق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپ، زىندانلاردا يېتىپ، باشقىلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. مۇھەممەتنىڭ ئەسلىدە مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، يەنىلا ئۆز ئېتىقادىنى باشقىلارغا

ئاشكارىلاشنى قارار قىلدى.

ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشى سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇ چۈشىدە يىراق بىر يەردە ناھايىتى گۈزەل بىر جاينى كۆردى. گەرچە بۇ جاي ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ جاينىڭ گۈزەللىكى مۇھەممەتنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان ئىدى. ئۇ باشقىلاردىن بۇ جايدا ئۆيى بار ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئۇزۇن يولنى بېسىپ، تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، بۇ مەنزىلگە يەتمەكچى بولدى. ئۇ بىر بۆلەك يولنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، بىر جايغا كېلىپ توختىدى. ئالدىدىكى يول پېچەتلەنگەن ئىدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇل ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنى كىرىستكە مىخلىغان ئادەمنىڭلا بۇ جايدىن ئۆتۈپ، ئۇ گۈزەل جايغا بارالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مۇھەممەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى بىر مەھەل ئويلىدى ـ دە، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بىراق، بۇ گۈزەل جاي ئۇنىڭ قەلبىدىن ئەسلا كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ بۇ جاينى سېغىندى. شۇنداقلا كىشىلەرمۇ بۇ جايغا تەلپۈنۈشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراۋۇلنىڭ دېگەن شەرتىنى قانائەتلەندۈرۈشنى خالىماي، بۇ جايغا كىرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ئانچە چۈشىنەلمىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى ئۆتتەك قىزىپ كەتتى ـ دە، مەيلى قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر، مەن چوقۇم ئاشۇ مەنزىلگە يېتىمەن دەپ قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىچى قېتىم بەختنى ئىزدەيدىغان بۇ يولغا قەدەم

تاشلىدى. ئۇ پېچەتكەنگەن يولغا يەنە يېتىپ كەلدى. ھېلىقى قاراۋۇل يەنە ئاشۇ جايدا تۇرغان ئىكەن. بۇ قېتىم مۇھەممەت ئۇنىڭغا: «مەن كرېستكە مىقلىنىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەتنىڭ ئېغىزىدىن گەپ شۇنداق چىقىشى بىلەنلا يولنى توسۇپ تۇرغان قاراۋۇل يوقاپ كەتتى. يولدىكى توسالغۇمۇ يوقاپ كەتتى. ئەرشكە تۇتىشىدىغان يول ئېچىلدى. مۇھەممەت ئۇ يەرگە بىمالال ھالدا كىرىپ كەتتى. مۇھەممەت ساماغا چۈشۈپ، قىن-قىنىغا پاتماي خوشال بولۇپ كەتكەن ئىدى. مۇھەممەت چۈش كۆرۈپ دەل مۇشۇ جايغا كەلگەندە، ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن چۈشىدە كۆرگەن قاراۋۇلنىڭ دەل ئەيسا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەيسا مۇھەممەتنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ۋە مول بەختكە چاقىرىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەتنىڭ كرېستنى يۈدۈپ، ئۆزىگە ئەگىشىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

مانا بۇ چۈشتىن كېيىن، مۇقەددەس روھ مۇھەممەتكە كۈچ-قۇدرەت بېرىپ، ئۇنىڭغا قورقماس يۈرەك ھەم قەيسەر ئىرادە ئاتا قىلدى.

پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان بەخت-سائادەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرسا، پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىدىن ئۇ تەسىرلەنگەن تۇرسا، ئەيسا ئۆزى ئۇنىڭغا ئايجامالى بىلەن سۆزلەۋاتقان تۇرسا، ئۇ ھىدايەت يولىنى تاللاپ، قۇدرەتكە تولماي قالارمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى دۇنياسى نۇرلاندى-دە، نۇرلۇق يوللاردىن ئاجايىپ ئېسىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى. ئادالەت

يولىدىن پارلىغان يۈرەكتە چوڭقۇر ساداقەت ئۇقچۇپ چىقتى. نىجاتلىقتىن كېلىدىغان ئىنئاملار ئۇنى چەكسىز ئۈمىدكە تولدۇرۇپ، دىلى نۇرلانغان ھالدا مەرھابا قەدەملىرىنى ئەرش يولىغا ئاتلاندۇردى.

مۇھەممەت سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈپ، ئۆز ئېتىقادىنى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمىيىتىگە ئاشكارىلىماقچى بولدى. ئۇ باشقا ئېتىقادچى قېرىنداشلىرىدەك ئەيسانىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۆز كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان سەپكە قوشۇلماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خوشال ھالدا، باتۇرلۇق بىلەن سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلدى.

ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئەيسا مەسىھنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەببى دەپ ئېتىراپ قىلغاندا، ئۆزلىرىگە يېڭى ئىسىمدىن بىرنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىنىڭ باشلانغانلىقىغا بەلگە قىلاتتى. مۇھەممەتمۇ شۇنداق قىلدى. مانا ھازىر ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتى بولدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مۇھەممەت دەپ ئاتىماي، باشقىچە ئاتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت مۇقەددەس كىتابتىن ئۆزىگە يېڭى بىر ئىسىمنى قويماقچى بولدى. ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئوغلى ھابىلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەم ھابىلنىڭ سوغىسىنى قوبۇل ئەتكەنلىكىنى ئوقۇغاندا، بۇ ئىسىمنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ھابىلغا ئوخشاش ئادەم بولۇشنى خالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە «ھابىل» دېگەن ئىسىمنى قويدى. ئۇ بۇ ئىسىمنىڭ يەر يۈزىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ تىزىملىكىدە بولۇشىنى، ئەرشتە بولسا بۇ ئىسىمنىڭ ھاياتلىق دەپتىرىنىڭ تىزىملىكىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ

سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەن مۇقەددەس دەقىقىلەردە ئۆزىگە بۇ «ھابىل» دېگەن ئىسمنى قويدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ «مۇھەممەت» ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە ئايلىنىپ، «ھابىل» ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ خۇدانىڭ يولىدا تۇنجى قۇربان بولغۇچى ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلى ھابىلنىڭ ئىسمنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ تاللىۋالغان چاغدا، ئۆزىنىڭمۇ ئەينى چاغدىكى ھابىلغا ئوخشاش خۇدا يولىدا قۇربان بولىدىغانلىقىنى تۇيغان بولغىيمىدى؟ بىز بۇنى بىلمەيمىز. بىراق، ئۇ تاللىۋالغان ئىسىم پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ھابىلنىڭ بىلمى، ئەقىل-پاراستى ھەم بوي تۇرقى يىل ھەم ئاي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ ماڭدى. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر ئۇيغۇر بالىسى ئىدى. ئۇنىڭدا بۇ مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھەم كەمچىلىكى مۇجەسسەملەشكەن ئىدى. ھابىل يۈسۈف.يۇھاننانىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ياش يىگىتكە ئوخشاش بۇ زېمىندا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان يېڭى بىر خەلق يەنى خۇدانىڭ خەلقىگە مەنسۇپ ئىدى. پىشقەدەم مەسىھ ئېتىقادچىلىرىمۇ ئۇلارنى تەل-تۆكۈس چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئىدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ پىشقەدەملەرگە ئوخشمايدىغان غايىلىرى بار ئىدى. ئەخلاق مەسلىسىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى تېخىمۇ يېڭىلانغانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن مەسىھ ئېتىقادى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستىگە يۆكلەپ يېڭىدىن ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس بولۇپ، ئەكسىچە بۇ ئېتىقاد پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىگىلىگەن بىر ئېتىقاد ئىدى. ئۇلار

قەلبلىرىدە ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق باشقا دىنلارنىڭ خۇداسىغا ئورۇن بەرمىگەن ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانچە مەسىھ ئېتىقادچىسىدەك ئەمەس، بەلكى ئەينى چاغدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىدەك مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار ھاياتى كۆچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، شاد-خورامىلىقتا تولغان ياشلار ئىدى. ئۇلار باسما زاۋۇتتا، دوختۇرخانىدا ۋە مەكتەپتە ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەيتتى ھەم سىرتلارغا چىقىپ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. يۇھاننا، پېترۇس ھابىل ھەم بەزى ياش مەسىھلەر بىللە ئىبادەت قىلغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوشاللىقىنى ھەرگىز يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئۇلار بەزى مەسىھلەردەك ئۆزلىرىنى يوشۇرۇن تۇتمايتتى پىشقەدەملەر ئۇلارنى «ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەر» دەپمۇ ئاتىشىپ قوياتتى. ئۇلار يۇھاننانىڭ ئۆيىدە ئىسكرىپكا چېلىشىپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇشۇپ، ئوتلۇق قەلبلىرى بىلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلاتتى. ئۆيدىن «مۇقەددەس كىتاب» نى ئوقۇغان ئاۋاز ھەم ئۇلارنىڭ قىسقىغىنە قىلغان گۇۋاھلىقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر» دېگەن بۇ نام ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىلىرىغا ئوخشىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ ئوتىغا تولغان ئىبادەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلغانىدى.

ھابىل تېخى ناھايىتى ياش بولسىمۇ، ئۇ قەشقەردىكى خوش خەۋەر يەتكۈزۈش ئورنىنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ھەر يىلى ھېيتتا، پۇرسەت بولسىلا، ئۇ يەركەنگە بېرىپ يەركەن «قىزلار

ئائىلىسى»دە ئوقۇۋاتقان سىڭلىسى ھاۋاخاننى يوقلايتتى. بۇ ئاكا ـ سىڭىللارنىڭ رىشتى شۇنداق چىڭ باغلانغان بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇلار ئۆز ـ ئارا ئۇچراشقاندا تولىمۇ خوشال بولۇشۇپ كېتەتتى. ھابىل «قىزلار ئائىلىسى»دە ھاۋاخاننىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بۇرەيھان بىلەن تونۇشۇپ قالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى گۈزەل بولغان دوستلۇق ئورنىتىلدى. ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى دوستلۇق چېگرىسىدىن ھالقىپ بىر قەدەم تەرەققىي قىلىپ، كەلگۈسى گۈزەل ئىستىقبالغا ئورتاق ئىنتىلىدىغان بولدى. ھابىل بىلەن بۇرەيھاننىڭ ساپ، نۇرلۇق ھەم يېپيېڭى تۈس ئالغان مۇھەببەتلىشىش كەچۈرمىشى باشلاندى. بۇ ئۇلارنىڭ مىللىتى ئىچىدە تۇنجى يۈز بېرىۋاتقان بىر ئىش ئىدى. ئادەتتە ئۇيغۇر ياش قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇنداق ساپ ھەم نۇرلۇق مۇناسىۋەتنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئۇلار دائىم توي ھەم نىكاھقا قارا بۇلۇتنى تون قىلىپ كىيدۈرۈپ، توي بىلەن نىكاھنى گۈزەل بولغان تۇرمۇش دەپ قارىمايتتى.

مانا مۇشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سىياسى ئاتمۇسفىراسىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھاۋاسىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. ئۇيغۇر، قىرغىز ۋە گەنسۇلۇق خۇيزۇلار توپىلاڭ كۆتۈردى. ئىسلامچىلار غازات قىلىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز دەپ ئۆكتە قوپۇشتى. بىراق، ئەينى چاغدا پۇقرالارنىڭ تەلپۈنىدىغىنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى بايلار مەككە ـ مەدىنەمگە قېچىشقا باشلىدى. ۋەزىيەت شۇنداق قالايمىغاندىكى، مەسىھ ئېتىقادچىلىرى

دەھشەتلىك باستۇرۇلۇشقا ئۇچرىدى. چۈنكى، ئىسلامچىلار مەسىھچىلەرنى ئۆلتۈرسە، ئۆزلىرىنى شان ـ شەرەپلىك ئىش قىلدىم دەپ ئويلايتتى.

مانا بۇ مەزگىلدە ئابدۇللا ۋاڭ دېگەن كىشى يەركەنگە كېلىپ، ئىسلامچىلارنىڭ باشلامچىسى بولدى. ئۇ يەركەندىن خوتەنگىچە بولغان زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئادەم ئوقۇغان ئادەم بولۇپ، ئىسلام شەرىئەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئابدۇللا ۋاڭ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىسلامنى تاشلاپ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە پەرمەن چۈشۈردى.

ئابدۇللا ۋاڭ ئىچى تار ھەم گۇمانخور بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىسلام قانۇنى بويىچە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشقا تىرىشتى. ئۇ يەركەندە ئۈچ مىسسىيونېرنى ئارغامچا بىلەن باغلىتىپ، پۇتلىرى بىلەن ئۇلارنى تېپىپ ئۇرغانىدى. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەملەر ئىدى. بۇ ئۈچ خوش خەۋەر يەتكۈزگۈچى تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىپ، ئۆلتۈرۈلمەكچى بولدى. لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوقلىرىنى بەتلەپ تۇرۇشقان ئىدى. بۇ چاغدا ئىككى ھىندىستانلىق ئابدۇللا ۋاڭغا يالۋۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى يېنىكلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زىندانغا تاشلاندى. مۇشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش پونكىتىدىكى ئىككى ئايال مىسسىيونېر بۇرادەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەققەزالىق بىلەن كۈتتى. سىرتتا ئۇرۇشنىڭ قالايمىقانچىلىقى دەھشەتلىك بولۇپ، بىخەتەرلىك دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىردىن بىر

قىلالايدىغىنى دۇئا قىلىش بولۇپ، دۇئالىرىدىن ياردەم ۋە تەسەللىگە ئېرىشىش ئىدى. بىر نەچچە ياش يىگىتمۇ ئۇلار بىلەن بىللە دۇئا قىلدى. ئۇلار يۈسۈپ. يۇھاننا، بىزنىڭ دوستىمىز ھابىل ۋە بىر قانچە ياش يىگىتلەر ئىدى. زۇلمەت كۈنلەر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىدى. ھابىل ئۆزى سۆيگەن ئادەم بىلەن بىللە تۇرۇشنى شۇنداق ئارزۇ قىلغانىدى.

قەشقەردىكى مەكتەپ ئاللىقاچان تاقالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ھابىلنىڭ سىڭلىسى ۋە سۆيگىنى يەركەندە تۇراتتى. مەكتەپتىكى خىزمەت توختاپ قالغانچقا، ئۇ يەركەنگە كەتتى. ھابىل ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپ-خەتەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئىرادىسىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئەرشكە تىكەتتى. مۇقەددەس روھ ئۇنىڭغا سۇلماس قانات تەقدىم قىلغانىدى. ئۇنىڭدا قورقۇشتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىگە كېلىدىغان زىيانكەشلىكنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغانىدى. ئۇ ھەر ۋاقىت باشقا ئېتىقادچىلارغا تەلىم بېرەتتى. ئۇلارنى باتۇر بولۇشقا ئۈندەپ، مەسىھ ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. مانا ئاشۇ كۈنى چوڭ بىر ئىشنىڭ چىقىشى ئالدىن سېزىلگەندەك بولدى. بۇ كۈندىكى ھاۋا ئادەم بۇرۇقتۇرما بولغىدەك ھاۋا ئىدى. ھابىل باشقىلار بىلەن بىرلىكتە دۇئا قىلىپ، خۇددى ئىستىپاندەك خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە مەدىتىگە ئېرىشىشنى تىلىدى.

دۇئادىن كېيىن، ئۇلار بىرلىكتە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان« سەۋرىتاقەتلىك بولۇپ، ئېتىقادىمىزنى كۈچەيتەيلى» دېگەن ناخشا ئىدى. ھابىل ساز چالدى، قالغان ياشلار ناخشا ئېيتىشتى. «ئوغۇللار ئائىلىسى»دىكى باشقا بالىلارمۇ قوشۇلۇپ مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىبادەت قىلدى. تاكى ئابدۇللا ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى كەلگەنگە قەدەر، ئۇلار يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئابدۇللا ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى قورشاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆينىڭ ئىچىگە سولىۋالدى. لەشكەرلەر ھابىل، يۈسۈف. يوھاننانى ۋە باشقا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى تۇتۇپ كەتتى. لەشكەرلەر ئۇلارنى كالىنى چاتقاندەك بىر-بىرىگە چېتىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى.

خوش خەۋەر پونكىتىدا پەقەت ئىككى شۋىتسىيەلىك ئايال ۋە بەزى يەرلىك ئاياللارلا قالغانىدى. بەزى ئاياللارنىڭ ئەرلىرى تۇتۇپ كېتىلگەن ئىدى. شۇ كۈنى كەچتىلا يەرلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. بۇ جايدا پەقەت ئىككىلا شۋىتسىيەلىك ئايال قالدى. دۈشمەن «غەلىبە» قىلغانىدى.

ئابدۇللا ۋاڭ يەنە ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ مىسسىيونېرلار ئاچقان دارىلئېتامنى ئاختۇرغۇزدى. ئۇلار بۇ جايدا پاناھلىنىۋاتقان كىچىك بالىلارنىمۇ قويماي تۇتۇپ كەتتى. لەشكەرلەر قوپاللىق بىلەن قىزلار تۇرۇۋاتقان جايغا باستۇرۇپ كىرىپ، رەھىمسىزلەرچە بارلىق قىزلارنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلار قىزلارغا كىشىنىڭ غەزىپى كەلگۈدەك يامان

مۇئامىلىلەردە بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى بويىچە، بۇ قىزلار ئولجا ھېسابلىناتتى. ئۇلار «غەلبە قىلغۇچىلارنىڭ» توقلى بولسا بولاتتى. تۇتقۇن قىلىنغانىنىڭ ئىچىدە ھابىلىنىڭ سىڭلىسى ھاۋاخان ۋە ئۇنىڭ سۆيگەن قىزىمۇ بار ئىدى.

ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن «ئۇستۇنلۇك»نى ئىگەللىدى. ئۇلار كۆرەڭلىگەن ھالادا ئۆزلىرىنىڭ ئولجىلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشتى. «ھازىر سىلەرنىڭ زامانەڭلار، قاراڭغۇلۇق ھوقۇقنى قولىغا ئالدى.»

تۇتقۇن بولغان قىزلاردىن كەلگەن خەۋەرلەردىن بىز ئۇلارنىڭ زۇلۇم-قىيناشلارغا بوي ئەگمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇردۇق. مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. ئۇلار مەدھىيە ناخشىلىرىنى، ئەيسانىڭ نامىدا دۇئا قىلىشنى ھەرگىز توختاتمىغانىدى. مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جاسارىتىدىن قەلبىمىز شادلىنىپ، ئاتىمىز خۇداغا شۈكۈر-ھەمدۇسانالارنى ئېيتتۇق. بىز كېچە-كۈندۈز ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتۇق.

غىلىپىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچلار تۇتقۇن قىلىنغۇچىلارنىڭ ئېڭەكلىرىگە تىرەلدى. بۇ تۇتقۇن قىلىنغان مەسىھ ئېتىقادچىلىرى سوراق قىلىنغاندا، چوقۇم بىرلا يولنى تاللىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار يا ئىسلام دىنىغا يېنىپ، ئاللانىڭ يولىدا مېڭىشى ياكى بولمىسا ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. بەزى ياش مەسىھ ئېتىقادچىلىرى سوراقتىن كېيىن يەنىلا تۈرمىلەرگە يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

يۇسۇف. يۇھانناغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانى ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى ئۇ خىزمىتىنى قىلغان ئەيساغا بېرىلگەن

جازا ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىمۇ كىرىستكە مىخلىماقچى بولدى. يۈسۈپ باشقا ئېتىقادچىلاردىن ئايرىۋېتىلىپ، باشقا كامىردا ياتقان ئىدى. ئۇ ئەمدى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقادىنى كۆچەيتىشكە ياردەم قىلالماي قالدى. باشقا ئېتىقادچىلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئەتە جازا ئىجرا قىلىمىز دېگەن كۈنى ئابدۇللا ۋاڭ ئۇنى تۈپتۈز قىلىپ، تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى. شۇ كېچە ئۇ ئۆرە تۇرۇپ، ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈۋېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز خۇدانىڭ ئامانلىقى ئۇنىڭغا يېتىپ كەلدى. مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇدانى مەدھىيىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر كامىردا ياتقان باشقا جىنايەتچىلەر «بولدى ناخشا ئېيتما، بىز ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىمىزنى تارتايلى!» دېيىشىپ كەتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن لەشكەر ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ كەتتى. خەنزۇلار يەركەنگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئەجەبا بۇ يۈسۈپنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان بىر پۇرسىتىمىدۇ؟ ئۇرۇش توختىدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئەقلىنى تاپقانىدەك بولدى. ئۇلار تۇيۇقسىز يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈش قارارى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، يۈسۈپ قانداقلا بولمىسۇن ئەنگلىيە پۇقراسى ـ دە. بىراق، ئۇلار بارلىق ئامالىلار بىلەن يۈسۈپنى قاتتىق قىينىدى. ئۇلار ئۇنى ئىسلامغا زورلايتتى. ئەگەر ئۇلار يۈسۈپنى ئىسلامغا ئەكىلەلىسە، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىشىدىنمۇ ئارتۇق غەلىبىسى بولاتتى.

باشقا چەتئەللىك مىسسىيونېرلار تېخىچە تۈرمىدە ئىدى. بىر نەچچە

كۈندىن كېيىن بۇ مىستىيونىرلار يازمىچە بىر ھۆججەتكە قول قويۇپ، بەزى ئىشلارغا قوشۇلۇشقا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىرسىگە مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئۇلار ھېچپىيەردىن ئادەم تاپالماي، يۈسۈفنى تارتىپ كېلىپ، ھۆججەت يازدۇرماقچى بولدى. يۈسۈف پۇت-قولىدا ئېغىر كىشەن سېلىنغان ھالدا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ چىرايى تاياق زەربىسىدىن ئۆزگىچە ئوخشىماي قالغانىدى. بەدىنىنىڭ ئۈستى - بېشى يارا ئىزى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئېغىر كىشەنلەرنى سۆرەپ كىرىپ كەلگەندە، مىستىيونىرلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. لەشكەركەر ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئولتۇرمىدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن كۈلپەت تارتىۋاتقان بۇ باتۇر ئەزىمەتكە ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ قولىدا كويزا بولسىمۇ، ئۇ جىنايەتچىگە ئەمەس، بەلكى، بىر پادىشاھقا ئوخشاپ تۇراتتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ئابدۇللا ۋاڭ يۈسۈفنى قويىۋەتمىسە بولمايدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا، يۈسۈف ئاللىقاچان ئاۋالقى كېلىشكەن ھالىتىنى يوقاتقان بولۇپ، ئورۇقلاپ قاخشالدەك بولۇپ قالغانىدى. زىنداندىكى قىيىن-قىستاق ئۇنىڭ كۈچ-مادارىنى قويمىغانىدى. بىراق، ئۇ زىنداندىن ئايرىلغاندا يەنىلا قەيسىرانە مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن زىندانغا تاشلانغان ۋاقتىدىكىدەك شۇنداق باتۇر ئىدى.

ھابىل مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن يەرلىك ئادەم بولغاچقا،

ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قىلچە تەپتارتماستىن خالىغانچە ئىش قىلىۋەرسە بولىۋېرەتتى. ئۇلار غەلىبە شاتلىقىنى تەبرىكلىگەندە، ئابدۇللا ۋاڭ بىر توپ قىلىپ باغلانغان ئۇيغۇر مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولدى. ئۇ بۇ مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى قەتل قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئۇ كۈنى بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار قەبىھلىككە تولغان بۇ سۈيىقەستنى ھەممە ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي قالدى.

بىراق، ئۇلار دەرھال ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى بىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان مەسىھ ئېتىقادچىلىرىغا ئىبرەت قىلماقچى بولۇشتى. ھابىل تارتىپ چىقىرىلغان تۇنجى قۇربانلىق بولدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىكى كىشەنلەرنى بوشۇتۇپ، ئۇنى ئېتىقادى سەۋەبلىك جازالىنىدىغان مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. ھابىل ئەرشكە كۆزلىرىنى تىكىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىزلاندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نە قورقۇش نە جىددىيلىشىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ھابىل ئۆزىنىمۇ ئاقلىمىدى ھەم كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرگىمۇ لەنەت ئوقۇمىدى. ئۇنىڭ قەددى رۇسلانغانىدى. مۇقەددەس روھ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

نەق مەيداندىكى ياش مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ھابىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىسىنى مەڭگۈ ئۇنۇتالمايدۇ. ئۇلار ھابىلدىكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئەسلا كۆرمىدى. ئۇلار قورقۇشنى ئەسلا كۆرمىدى. ئۇلار ياش ھەم قامەتلىك يىگىتنىڭ چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىنى كۆرگەن ئىدى. مۇشۇ دەقىقىدە ھابىل خۇددى جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى

ئۆزى ئۈچۈن ئېچلىپ، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ شان ـ شەرىپىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. نېمە دېگەن خاتىرجەملىك بۇ ـ ھە! مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا قىلىچمۇ سانجىلدى......

ھەققانىي ھابىلنىڭ ھاياتى غەلىبە قۇچتى. ئۇنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، ئۇ خۇددى ئىستىپانغا ئوخشاش شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.

ئابدۇللا ۋاڭ تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ كەتتى. ئۇ ھېچكىمنى ھابىلنىڭ جەستىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگۈزمىدى. ئۇ مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى نومۇسقا قالدۇرۇش ئۈچۈن، جەسەتنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھابىلنىڭ جەستى ئۈچ كۈنگىچە يەرلىككە قويۇلماي، جازا مەيدانىغا تاشلىۋېتىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ھەتتا بىر ئىتمۇ كېلىپ ھابىلنىڭ جەستىگە چېقىلمىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن جازا ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە ئۇيغۇر ئاممىسى: «ھابىل ھەقىقەتەن خۇداغا يېقىن ھەققانىي ئادەمكەن» دېيىشىپ كەتتى.

خۇداغا شۈكرى، ھابىلنىڭ جەستى ئاخىرى يەرلىككە قويۇلدى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەيسا مەسىھ جامائەتچىلىكىدىن تۇنجى ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن قۇربان بولغان ئېتىقادچى چىقتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئەرشكە تىكىپ، باتۇرلارچە ئۆلۈم يولىنى تاللىۋالدى.

................................................................

# خاتىمە

ھەمدۇسانا! ھەمدۇسانا! پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىگە ئالقىشلار بولسۇن!

ھابىل بوۋىمىز تارىختا شانلىق ئىز قالدۇردى. ئۇ كەلگۈسى ئەۋلاتلىرى ئۈچۈن شانلىق يولنى ئاچتى!

ھابىل قان تۆكۈپ ئاچقان يول توسالغۇسىزدۇر. مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھابىلنىڭ روھىي جەھەتتىكى نەۋرىلىرى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، تېز كۆپەيمەكتە. مانا بۇ تىلسىم زېمىندا خۇددى ياغاچتىن گۈللەر ئۈنۈپ چىققاندەك، مۆجىزىلەر ھەر ۋاقىت كۆرۈلمەكتە. ئەيسا مەسىھ ئۆزى بۇ زېمىن ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەھىي ۋە ئىرادىلىرىنى شىنجاڭدىكى ئۆزى سۆيگەن ھەر مىللەت خەلقىگە ئايان قىلماقتا. مەيلى سىرتقىي ئاتمۇسفىرانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ توسۇپ قالغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ زېمىننىڭ خۇداغا يۈزلىنىشى كەلگۈسىدىكى مۇقەررەرلىكتۇر. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى دەيمىز.

ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ جاسارىتىمۇ بوۋىمىز ھابىلنىڭ جاسارىتىدىن قېلىشمايدۇ. نى،نى پەلۋان ئۇيغۇر يىگىتلىرى رەب ئەيسا ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرۇپ، بۇ مۇساپىنى مەردانىلىق بىلەن باسماقتا. ھەر قانداق قىيىنچىلىق، زىندان ھەتتا ئۆلۈم خەۋپلىرىمۇ ئۇلارنىڭ چىن ئېتىقادىنى

تەۋرىتەلمىدى.

مۇقەددەس كىتابتا ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانئوغلىنىڭ شان-شەرەپكە ئىگە بولىدىغان ۋاقىت-سائىتى يېقىنلىشىپ قالدى. بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇغداي دېنى توپىغا تاشلىنىپ قۇربان بولمىغۇچە، يەنىلا بىر تال دان پېتى تۇرىدۇ. قۇربان بولسا، بىخ سۈرۈپ، كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ. ھاياتىنى ئايىغانلار ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىدۇ. لېكىن، بۇ دۇنيادا ھاياتىنى ئايىمىغانلار ئۇنى مەڭگۈ ساقلىيالايدۇ. كىمدە كىم ماڭا خىزمەت قىلىشنى خالىسا، ماڭا ئەگەشسۇن. مەن قەيەردە بولسام، مېنىڭ چاكىرىم شۇ يەردە بولىدۇ. ماڭا خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئەرشتىكى ئاتام ئۆزى ھۆرمەتلەيدۇ.» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12: 26)

شۇنداق، ھابىل بوۋىمىز ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلۈپ، بۇ تۇپراقتا سانسىزلىغان بىخلارنى سۈردى. بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى بەخت تاپتى.

قەدىرلىك ھابىل بوۋا! بىز سىزگە شۇنداق دەيمىزكى: «سىزنىڭ بەرگەن قۇربانلىقىڭىز بىھۇدە ئەمەستۇر. بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز. پەرزەتلىرىڭىز ھەم نەۋرىلىرىڭىز بولغان بىز سىز قان تۆكۈپ باشلاپ بەرگەن بۇ ماساپىنى ئاداققىچە ماڭىمىز. بىز سىزگە ئوخشاش ئەيسانى ئۆزىمىزگە تۇغ قىلىمىز. سىزنىڭ باتۇرلىقىڭىز بىزنىڭ ئۈلگىمىز. سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز. سىز ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇلىنى قېنىڭىز بىلەن قۇردىڭىز. بىزمۇ جېنىمىز ھەم تېنىمىز بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرىمىز. بىز ھەرگىزمۇ سىزنى

ئۇمىدسىزلەندۇرمەيمىز.»

قەدىرلىك بوۋا بىز سىزگە ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا دەۋرىمىزدە سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن مېڭىپ، جاپا-مۇشەققەت چېكىپ، ئاتا-ئانىسى ۋە خوتۇن-بالا چاقىرىلىرىنى بىر تەرەپتە قويۇپ، سىز ئۈچۈن تۈرمە ئازابلىرىنى تارتىۋاتقان ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىمىزگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابەتلىرىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. ئىشىنىمىزكى ئۇلارنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىمۇ ھەرگىز بىھۇدە كەتمەيدۇ. خۇددى خۇدا سىزگە شان-شەرەپ تاجىنى كىيدۈرگەندەك، ئۇلارغىمۇ شان-شەرەپ تاجىنى كىيدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغۇچى بىزلەرمۇ ئۇلار ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلغىچە ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

مۇقەددەس روھ بىزگە شۇنداق دەيدۇكى، ئۇيغۇر مىللىتى خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن مىللەتتۇر. پەرۋەردىگار خۇدا ئەرشىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئاللىقاچان بۇ مىللەت ئۈچۈن تەييارلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇرلار بىردىن ئىككىدىن ئەمەس، بەلكى تۈركۈم - تۈركۈملەپ، يۇرت-يۇرتلاپ، شەھەر-شەھەرلەپ ئەيسانىڭ پادىشاھلىقىدا بولىدۇ. ئۇلار ئەيسانىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ.

خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بۇ زېمىننى ئاللىقاچان قاپلىدى. خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى. ئامىن!

..............................................................

..............................................................

# گوستاف. ئالبېرت

**(1884 ـ 1943)**

**(1884 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شۋېتسىيەدە تۇغۇلغان؛**
**1943 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ بومبايدا ۋاپات بولغان)**

گوستاف. ئالبېرت سۋېتسىيىنىڭ سمايلەند دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، تولۇق ئىسمى گوستاف. ئالبېرت. كارسېن. ئۇنىڭ بىر ئىنىسى ھەم ئىككى ھەمشىرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىرانتاستا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تويى قىلمىغان.

گوستاف ئەپەندىنىڭ رەپىقىسىنىڭ ئىسمى لەندى بولۇپ، ئۇ تۇغۇت ئانىسى ئىدى. ئۇلار 1925 ـ يىلى شۋېتسىيەنىڭ كورۋېنات جامائەتچىلىكىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مىسسيونېرلار ئىدى. ئالبېرت تىلشۇناس ئىدى. گوستاف ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇقەددەس كىتابنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىدى. ئۇ گىرېك تىلى، ئىبرانىي تىلى، ئەرەب تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ يەرلىك جامائەچىلىكلەرنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىگە ماس ھالدا قۇرۇپ چىقىشقا بەكمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ يەرلىك جامائەتچىلىكەرلەرنىڭ چەت ئەل جامائەتچىلىكىنى دورىماسلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. يەرلىك جامائەتچىلىكلەرنىڭ چەتئەللىكلەرنى دوراپ، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. «ئەگەر يەرلىك

جامائەتچىلىكلەر باشقىلارنى قارىغۇلارچە دورىسا، ئائىلىنىڭ تەمىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ» دەپ قارايتتى.

1928 ـ يىلى، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئوغلى ئېرنات شىنجاڭدا تۇغۇلدى. 1929يىلى ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ ياردىمى ئاستىدا، گوستاف ئەپەندى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر دانە ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش قوللانمىسىنى بېسىپ مەتبۇئات قىلىپ بەردى. بۇ كىتاب جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قېلىپلىشىدا مۇھىم ئاساس ياراتقان ئىدى. كېيىنكى نەشرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتاب ئاساسىدا چىقىرىلغانىدى.

1934 ـ يىلى ئۇ شۋېتسىيەگە قايتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئوغلى تۇغۇلدى.

گوستاف بىلەن لەندى ئىككى ئوغلىنى شۋېتسىيەدىكى دارىلتامىغا قويۇپ قويۇپ، يەنە شىنجاڭغا يېنىپ كەلدى. بۇ جايدا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى بالىسى يىنابىرت تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن لەندى شۋېتسىيەگە قايتتى. گوستاف تاكى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغۇچە شىنجاڭدا تۇردى. ئۇ 1939 ـ يىلى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

گوستاف مەزكۇر كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ نەپەر چەتئەللىك مىسسىيونېرنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇللا ۋاڭ گوستاف ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئازلا قالغانىدى.

كېيىن ئۇ ھىندىستانغا كېلىپ، سەرگەردان ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلدى. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار كاراچىدا (كاراچى ئەينى چاغدا ھىندىستاننىڭ بىر قىسمى ئىدى) پاناھلانغانىدى. باشقا ئۇيغۇرلار

بىلەن ئالاقە قىلىش ئىنتايىن تەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلارنى تېپىش مۈشكۈل ئىدى. ئۇ ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىدى. ھەم دەل مۇشۇ جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى مۇقەددەس كىتابنى تاكى 1943 ـ يىلى بومبايدا ۋاپات بولغىچە تەرجىمە قىلىپ چىقتى.

# ئاخىرقى سۆز

بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئېتىقادچىلارنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان تەشەككۈرنامە:

بىز ئۇيغۇر ئېتىقادچىلار ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادچىلىق تارىخىمىزدىن سۆز ئېچىپ قالساق، گەرچە 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەرگە دائىر تېپىلغان ئارخىلوگىيىلىق ماتېرىياللار ئاشۇ دەۋردە ئەيساغا ئېتىقاد قىلغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتتىكى تارىخ بىزگە قاراڭغۇ بولغاچقا، بىز تارىخىمىز توغرىسىدىكى گەپنى 1930 ـ يىللاردا شىنجاڭغا كېلىپ خۇش خەۋەر ئېيتقان ئاشۇ شۋېتسىيەلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن باشلايمىز. ئەگەر بۇ ۋەقەلىكنى تېخىمۇ تەپسىلى بىلەي دېسىڭىز شىڭ خۇئا كىتابخانىسىدا ۋە سىرتلاردا كەڭ سېتىلۋاتقان «ئۆزگۈك ۋە كىملىك» دېگەن كىتابتىن كۆرسىڭىز بولىدۇ. بۇ كىتابدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەيساغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بايان قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەركىز كىتابنى ئوقۇغان ئادەم «ئەي ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ شارائىتى شۇنچىلىك جاپالىق، كېسەل ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

كۆپ، كىشىلەر نامرات، شارائىت جاپالىق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ بىر توپ ئەجنابىلەر نېمە ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، شۇنچىلىك جاپالىق ۋە قورقۇنچلۇق يوللار، داۋان ۋە قارلىق يەرلەردىن ئۆتۈپ، پىيادە ياكى ئاتلىق مېڭىپ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بەرمەكچى بولۇپ قالدۇ؟ زادى قانداق بىر كۈچ ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن؟ ئەجىبا تارىخ دەرسلەردە ئۆتۈلگەندەك، بۇ ئەجنەبىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تىنچ يوللار بىلەن سىياسى ئۆزگەرتىش قىلماقچىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئەگەر ئۆزىنىڭ بىر مۇستەھلىكىسگە ئايلاندۇرماقچى بولسا، بىۋاستە ھوجۇم قىلىپ كىرسە ئاللىقاچان ئىگەللىۋالغان بولاتتى.... زادى قانداق كۈچ ئۇلارنى بۇ يەرلەرگە ئەكىلدۇ؟» دەپ سورىماي قالمايدۇ.

خۇش خەۋەردىن خەۋەر تاپقان ئادەم خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئاشكارىلىغان ھەقىقەتنى بىلگىنىدە، ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن كۈچنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. ئەگەر خۇدانىڭ مۇھەببىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن ياخشى بولغان دۆلىتى ۋە ئائىلىسىنى تاشلاپ، يېڭى توي قىلىشىغا ۋە قوساق كۆتۈرىشىگە قارىماي، شۇنچە مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ، ئەي ۋاقىتتىكى نامراتچىلىق ۋە كېسەللىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى دەپ كەلمىگەن ۋە شۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى تىنىم تاپقۇزماي ئالدىرىتىۋاتقان نەرسە خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە سالغان مېھىر-مۇھەببىتى ئىدى. بۇ يەردە ھېچقانداق سىياسى مەسىلە يوق.

شۈنتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق قارا قولى يوق، پۈتۈنلەي خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىن بولغان ئىشلار ئىدى. بۇ سىياسىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىكى ئۆزگۈرۈش ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى مەسىلە ئىدى.

يېقىندا مەن بىرقانچە شۈنتسىيەلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا قىلغان بىرىنچى ئېغىز سۆزى: «بىلەمسىز، بىز ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز» دېدى. مەن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخنى ئەسلەپ، كۆزلىرىمدىكى ياشلارنى توختىتالماي قالدىم. ھەم چىن قەلبىمدىن ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىم. ھەم «باشقا شۈنتسىيەلىكلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قالساڭلار بىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭلار، رەھمىتىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دەپ خوشلاشتىم. گەرچە ئۇلار بىلەن خوشلاشقىلى نەچچە سائەت بولغان بولسىمۇ، بىراق كۆزلىرىمدىن ياش قۇرمايتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تارتقان جاپا مۇشەققەتلىرى ۋە كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتى كىنو سىنارىيىسىدەك قويۇلماقتا ئىدى. يۈرىكىم يىغا ئىچىدە تىترەيتى. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى تارىختا بولسۇن ياكى ھازىرقى دەۋرلەردە ياشاۋاتقان باشقىلار بىلەن خۇش خەۋەرنى ئورتاقلىششىنى خالىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرگىزمۇ سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى روھنى سۆيگەنلىكى، ھېچكىمنىڭ ھالاك بولىشىنى

خالىمىغانلىقى ئۈچۈن قەلبى خۇدانىڭ مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن كۆيۈپ ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلاتقىسى كېلىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى ۋاقىتتا قۇش زۇكۇمى يەنە تارقاۋاتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىنتايىن تەس. بۇ قېتىم كېسەل بولغانلار بايقىلىپلا ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتۇپ قويغانلار كۆپ. ئەگەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىرسى بۇ كېسەلنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش رېتسىپىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئۆزىلا بەھرىلىنىپ ئۆلتۈرسا، باشقىلارنىڭ ئۆلىشى بىلەن كارى بولمىسا ئۇ ئادەمنى بىز قانداق ئادەم دەپ ئاتايمىز؟ شۇڭغا ئوخشاش ئەنە شۇ شۇۋىتسىيەلىكلەرنىڭ، ھابىل بىلەن بىر دەۋىردە ياشىغان ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋە ھازىر جاپا چىكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئوت سالغان كۈچ خۇدادىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خۇدانىڭ ھېچكىمنىڭ ھالاك بولىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى، ھەر بىر ئىنساننى شەرتسىز سۆيىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قەلبىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەردۇر. باشقىلارغا خۇدانىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان، خۇدانىڭ قەلبى بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ يەردە بىز پۈتۈن ئۇيغۇرلار نامىدىن سىلەرگە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. سىلەرنىڭ قىلغان خىزمىتىڭلار بىزنىڭ قەلبىمىزدە. بىز چىن قەلبىمىزدىن سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمىز!

**2008 - يىلى**

«هابىل» دېگەن بۇ كىتاب شىنجاڭدىكى بىر ياشنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسى

بولۇپ، بۇ كىتاب سىزگە قەدىمىي قەشقەرنىڭ كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، سىزنى بۇ شەھەرگە مەھلىيا قىلىدۇ.

بۇ ۋەقەلىكتە ياش ئېتىقادچىنىڭ خۇداغا بويسۇنىشى، خۇدانى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا قانداق ئىبادەت قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقەلىك، ئۇ رىيال تۇرمۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تىركىشىشلەردىن يىراق ئەمەس بولۇپ، يېڭى ئېتىقادچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى بىر گۇۋاھلىق ماتېرىيال بولالايدۇ.

ھابىلنىڭ ھېكايىسى شىنجاڭلىق ئېتىقادچىلارنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم بىر سەھىپە بولۇپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى بىر ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

گوستاف.ئالبېرت 1925 ـ يىلى شۋېتسىيەنىڭ كورۋېنات جامائەتچىلىكىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مىسسىيونېر ئىدى. ئۇ قەشقەردە ھابىل بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن سەپداش بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى كېيىنكىلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئويلىغان. ئۇ بۇ كىتابنى بارلىق ئۇيغۇر ئېتىقادچىلارغا ۋە ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىۋاتقان دوستلارغا سۇنۇشنى خالايدۇ.